
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

1

1986



بېنگال زۇڭتۇڭى ئىرشات بېيجىڭ
دۇڭسى مەسچىدىنى زىيارەت قىلماقتا.
(لى ئېنشۇ فوتوسى)



تۇنىس ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىگى
بېيجىڭدا سەددىچىننى سەيلە قىلماقتا.
(ئەن باۋجى فوتوسى)



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى ياڭ جىڭرېن پاكىستان ئىسلام ئۆلى-
مالىرى ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن كۆرۈشتى.
(ما جۇنتيەن فوتوسى)



شياڭگاڭ ئىسلام دىنى هاۋاله فوندى
ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىگى جۇڭگو
ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلماقتا.
(ما ۋېنخۇا فوتوسى)

1
# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
1986 ـ يىل
(ئومۇمى 22 ـ سان)
(پەسىللىك ژورنال)

## مۇندەرىجە

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىياتى.......................ما جاۋچۈن ( 2 )
ئوسمانىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ..................................م. ئۆمەر ( 19 )
پىروفېسسور ماجيەنىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە قوشقان تۆھپىسى .............................................ياڭ جېڭۋاڭ ( 27 )
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم .........................................................خې يەن ( 34 )
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشىنىڭ ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىشتىپاقىنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بەرگەنلىكىگە 6 يىل توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن رادىيو نۇتقى ............ ( 40 )
جايلاردىكى مەسچىتلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ................................ ( 42 )
نىڭشيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىندى ...........................ياڭ جىبو ( 46 )
جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىگە دائىر قىسقىچە خەۋەرلەر.............. ( 49 )
ۋۇباۋجېن، سۇ دۇنلىلار پاكىستاندا چاقىرىلغان ئىسلام ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى .........................................................يى شېن ( 54 )
لى گۇاڭياۋ زۇڭلى شىئەندىكى خۇاجۆشياڭ مەسچىدىنى زىيارەت قىلدى......زىڭ جى ( 55 )
كۇۋەيت دىنىي فوند مىنىستىرلىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى .............. ..........................................چېن گۇاڭيۈەن ( 56 )
ئىسلام دىنى ياپونىيىدە.........................................خۇجېنخۇا ( 58 )
تۇنىس ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى.............يەن باۋجى ( 63 )
گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جاۋچىڭ شەھىرىدە يېڭى سېلىنغان يېڭشى مەسچىدى......(مۇقاۋىدا)

☆ 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى ☆

# دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىياتى

**ما جاۋچۇن**

## 1. ئىلىم تەتقىقاتى — ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى

ئىسلام دىنى ئىلىم تەتقىقاتىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ بۇرۇن نازىل بولغان ۋەھىي (96 - سۈرە 1 — 5 - ئايەتلەر) دە مۇسۇلمانلارغا كىتاپ ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ "بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار" دېگەن ئىدى. 4 خەلىپە دەۋرىدىن باشلاپلا، ئىسلام دىنى دىن ئۈستىدىكى ئىلىم تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، قۇرئان كەرىم، ھەدىس، فىقھە، پەلسەپە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس ئادەملەر تەتقىقات ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رازى (864 — 925 - يىللار)، كاندى (801 — 879 - يىللار)، فارابى (870 — 950 - يىللار)، ئىبنى سىنا (980 — 1037 - يىللار) ۋە ئىبنى رەبشت (1126 — 1198 - يىللار) قاتارلىق ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇرلار ۋە ئالىملار مەيدانغا كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ غەرپ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا مەدەنىيىتى ھالاكەت گىرداۋىغا يەتكەندە، ئىسلام دىنى ئىلىم تەتقىقاتىنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ قەدىمىي گرېتسىيىنىڭ كەڭ ۋە مول بىلىملىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ياۋروپادىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئەڭ پارلاق مەدەنىيەتنى ياراتقان. بۇ مەزگىلدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى، فىقھە ۋە تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاج تاپتى، ئەھلى سەلەپ شەرققە تاجاۋۇز

قىلغان ۋە موڭغۇللار غەرپكە تاجاۋۇز قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ئىسلام مەدەنىيىتى جۈملىدىن دىن ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ قايتا باش كۆتۈرەلمىدى.

مىلادى 1798 - يىلى فرانسىيىلىك ناپالېئوننىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەپلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا روشەن ھالدا زەئىپلىشىشكە باشلىغانلىقىنىڭ، شۇنىڭدەك ئىسلام ئەللىرىنىڭ غەرپنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى، بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولدى. كەڭ ئىسلام دىنى رايونلىرىدا، غەرپتىن شەرققىچە، مۇستەملىكىچىلىك زۇلمى بىلەن مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، تالان - تاراج قىلىش بىلەن تالان - تاراج قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ھايات - مامات كۈرىشى قانات يېيىپ كەتتى. ئىسلام ئەللىرىدە داغدۇغىلىق «ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەركىتى» مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە، غەرپتىكى خىرىستىيان دىنى ئەللىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچكېلىۋاتقان ئەھۋالدا ئىسلام دىنىنى قانداق قىلىپ داۋاملىق ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىكى مەركىزىي مەسىلە ئىدى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام دىنىدىكى دىنىي مەزھەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسەن ۋاھابىلارنىڭ ئەسلى دىنىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەركىتى، جامالىددىن ئافغانى قوزغىغان بۈيۈك ئىسلامىزىم ھەركىتى، مىسىرلىق مۇھەممەت ئابدۇ قوزغىغان مودېرنىزىم ھەركىتى، ھىندىستاندىكى يېڭى مەدەنىيەتنى مەركەز قىلغان ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتى، تۈركىيىلىك مۇستاپا كامال قوزغىغان دەھرىلىك ئاساسىدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەركىتى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيە (ئىران) دىكى بابى مەزھىپى بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سۇداندىكى مەھدى مەزھىبى قوزغىغان تەلىماتلىق شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن مىللىي - دېموكراتىك ھەركەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ئەسىردە نەشر قىلىنغان ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى ئەسەرلەردىن تەسىرى بىر قەدەر زورلىرى جامالىددىن ئافغانى بىلەن مىسىرلىق مۇھەممەت ئابدۇ (1849—1905) 1883—1884 - يىللىغىچە پارىژدا نەشر قىلدۇرغان «بۈزۈلماس مۇناسىۋەت» ناملىق ئەرەپچە ژۇرنال؛ مۇھەممەد ئابدۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ سۈرىيىلىك تالىپى سەييىد مۇھەممەت رەشىت رىدا نەشر قىلدۇرغان مودېرنىزىم تۈسىنى ئالغان ئايلىق ژۇرنال «مۇنار»؛ ھىندىستانلىق "كىلاسسىكچى" ئەمىر ئەلى (1849 — 1928) نىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ روھى» دېگەن ئەسىرى ۋە مۇھەممەد ئەكبەرنىڭ (1876 — 1938) ئىنگلىز تىلىدا چىققان «ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنى قايتا بەرپا قىلايلى» ناملىق نۇتۇقلار توپلىمى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمىر ئەلىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ روھى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىسلام دىنى بارلىق زامانىۋى ئاملىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا غەرپتىن ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارالغان. بۇ ئەسەردە دىنىي تەتقىقات ئۈستىدە تارىخ نۇقتىسىدىن ئىزدىنىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلام دىنى ھازىرقى زاماننىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان روھقا ئىگە، دەپ قارالغان، شۇڭا ئۇ كەڭ مۇسۇلمان كىتاپخانلىرىنىڭ تازا قارشى

ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ھەممىدىن كەڭ تارقالغان كىتاپلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يېقىنقى زاماندىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بىلەن غەرپ ئەللىرىدىكى شەرقشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە تارىخى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قاتار كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەر بولدى. بۇ بەس - مۇنازىرىلەر، ماھىيەتتە، شەرق خەلقلىرىنىڭ غەرپ مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا تارىختىكى خرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا بولغان بەس - مۇنازىرىنىڭ داۋامى ئىدى. مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخي ئورنى مەسىلىسى، غەرپلىكلەر "مۇھەممەد بىر قولىدا قۇرئان تۇتسا، بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان" دىگەن مەسىلە، ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى توغرىسىدىكى مەسىلە، مۇسۇلمان ئاياللىرى مەسىلىسى، ئىسلام دىنىنىڭ قۇللارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تارىختا ئىسلام دىنى بىلەن غەرپ ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا توختىماي تالاش - تارتىش بولۇپ كەلگەن مەسىلىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. 1883 - يىلى، بۈيۈك ئىسلامىزىمچى جامالىدىن پارىژدا چىقىدىغان گېزىت - ژورناللاردا فرانسىيىنىڭ شەرقشۇناسى ئونىست رىنان بىلەن "ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم - پەن" دىگەن تېما ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ باردى، مۇھاكىمە مەركىزى "ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلغىلى بولامدۇ" دىگەن مەسىلىدىن ئىبارەت بولدى. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بىلەن غەرپ ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ دائىرىسى شۇ دەرىجىدە كەڭ بولدىكى، ئاز بولمىغان مۇسۇلمانلار ۋە غەرپ ئالىملىرى "ئىسلام دىنى ۋە غەرپ" دىگەن تېمىدا بىرمۇنچە مەخسۇس كىتاپلارنى يازدى.

بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا ئوخشاش بولمىغان 3 خىل خاھىش يەنى ھۆرىيەتپەرۋەرلىك خاھىشى، ئىسلاھاتچىلىق خاھىشى ۋە قەدىمقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاھىشى پەيدا بولدى. بۇ خاھىشلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇپ تۇردى. 1925 - يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «يېقىن شەرق» ژورنىلىدا ئارقا - ئارقىدىن بېسىلغان مىسىردا بولغان "شېيخ ئەلى ئەبدۇ رازىق" ۋەقەسى توغرىسىدىكى ماقالىلار بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. رازىق ئەز ھەر داشۆسىدىن ئوقۇشنى غەيرى رەسمي پۈتتۈرۈپ 15 يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد داشۆسىگە كىرىپ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان ھەمدە «ئىسلام دىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى» دىگەن كىتاپنى يېزىپ، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئىسلاھاتچىلىق مەيدانىنى قوللىنىپ، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قاتتىق تەنقىت قىلغانلىقتىن، ئەزھەر داشۆسىدىن قوغلانغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىر ئەدلىيە مىنىستىرلىگىنىڭ مىنىستىرى ئۇنىڭغا ھىمداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن

ئېلىپ تاشلانغان، باشقا 3 مىنىستىرمۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ۋەقە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش، دىنىي ئەقىدىلەرنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى شەرھىلەشكە تىرىشتى، مۇھەممەد ئەلى بىلەن يۈسۈپ ئەلىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان قۇرئان كەرىممۇ دۇنياغا كەلدى.

## 2. ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1945-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، ئىسلام ئەللىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى. كاراچىدىكى دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھازىر مۇستەقىل بولغان ئىسلام دۆلەتلىرى 50 كە يەتكەن. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىمۇ گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلمەكتە.

بىرىنچى، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي ئاپپاراتلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك قۇرۇلدى. ئەڭ قەدىمىي ئىسلام دىنىنىڭ بىلىم يۇرتى — قاھىرەدىكى ئەزھەر داشۆسى، ماراكەشتىكى فېس داشۆسى ۋە تۇنىستىكى قەيرۇۋەن داشۆسى، شۇنىڭدەك شىئە مەزھىپىنىڭ 3 بىلىم يۇرتى بولغان قۇم، مەشھەت (بۇلار ئىراندا) ۋە ناگاپ (ئىراقتا) تىن ئىبارەت 3 ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتلىرىدىن باشقا، پاكىستاندا قۇرۇلغان ئىسلام دىنى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە داشۆلىرىمۇ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامئاباتتىكى ئىسلام داشۆسى، ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى ۋە لاھوردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتى قاتارلىقلار بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى رىيادتا 1953-يىلى قۇرۇلغان "ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇدى ئىسلام داشۆسى"، 1961 — 1962-يىللىرى مەدىنىدە قۇرۇلغان ئىسلام داشۆسى ۋە 1967-يىلى جىددىدا قۇرۇلغان "پادىشا ئەبدۇ ھاپىز داشۆسى" قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. باشقا ئەرەب ئەللىرىدىمۇ بىرمۇنچە مەشھۇر ئىسلام بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلار ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ھىندونېزىيىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ زور بىر تۈركۈم ئىسلام دىنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلدى. مەسىلەن، جاكارتىدىكى ئىسلام داشۆسى (1951)، ياۋادىكى "ھىندونېزىيە ئىسلام داشۆسى" (1945)، چېرىبوندىكى "ھىندونېزىيە ئىسلام

داشۆسى"، باندۇڭدىكى "مۇسانارا ئىسلام داشۆسى" (1959)، مېرانىدىكى "شىمالىي سۇماترا ئىسلام داشۆسى" (1952) قاتارلىقلار. بۇ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تەتقىقات پىلانلىرى بار.

ئىككىنچى، ئىسلام دىنى ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنلىرى كۆپلەپ چاقىرىلدى. 50 ـ يىللاردا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا مۇھىم خەلقارا ئىسلام تەشكىلاتىدىن 2 تەشكىلات بار ئىدى، بۇلار قاھىرەدىكى "ئىسلام كېڭەشى" ۋە كاراچىدىكى "دۇنيا ئىسلام كېڭەشى" ئىدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مەككىدە يەنە "ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى" قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كەتتى. قاھىرەدىكى ئىسلام كېڭەشى ناسىر زۇڭتۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتىنى توختاتتى، بىراق شۇنىڭغا ئەگىشىپلا لىۋىيىدىكى "ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش جەمئىيىتى" ۋە ئالجىرىيىدىكى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان "ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى" قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەلقارا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى دائىم دىگۇدەك خەلقارا ئىسلام دىنى ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، نۆۋەتتە ئىسلام دىنى دۇچكېلىۋاتقان "ئىسلام دىنى ۋە دۇنيا تېچلىقى"، "ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم ـ پەن"، "ئىسلام دىنىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشى"، "ئىسلام دىنىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ھازىرقى دۇنيا"، "پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى"، "ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى" قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى 15 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنى ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. پەقەت پاكىستانلا 1980 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 5 قېتىم خەلقارا ئىسلام ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنى، 15 قېتىم مەملىكەتلىك ئىسلام ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى، ھەر قېتىمقى يىغىندا ئىسلام دىنىغا ئائىت بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلار ئوقۇلدى. 1985 ـ يىلى ئالجىرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 19 ـ قېتىملىق ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىغىنلارغا، لىۋىيە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش جەمئىيىتى 1982 ـ يىلى ترىپولىدا چاقىرغان ئىسلام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە پاكىستاندا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقارا ئىسلام دىنى سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلدى. مۇشۇ يىغىنلار ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلىم تەتقىقاتىدا نۇرغۇن يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنى نەشرىيات ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. مىسىر، ھىندىستان ۋە سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىسلام دىنى نەشرىياتچىلىق شىركەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتاپلارنى داۋاملىق نەشر قىلغاندىن سىرت، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشالىقى، يېڭىدىن گۈللەنگەن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە لىۋىيە ئاۋام دۆلىتى قاتارلىق

دۆلەتلەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت يېڭى كىتاپلارنى زور مىقتاردا نەشر قىلدى. بولۇپمۇ پاكىستاندىكى بىرنەچچە نەشرىياتچىلىق شىركىتى، مەسىلەن، لاھۇردىكى "ئىسلام دىنى نەشرىياتچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى" ۋە "شېيخ مۇھەممەت ئەشرەف نەشرىياتچىلىق شىركىتى"دا بېسىلغان ئىسلام دىنىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ تۈرى كۆپ، مەتبۇئات سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولدى؛ كاراچىدىكى "تاجى نەشرىياتچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى"دا بېسىلغان ئىسلام دىنى كىلاسسىك ئەسەرلىرى خىل ھەم كۆركەم بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بۇ شىركەتلەر ئىسلام دىنى تەتقىقات تارماقلىرىغا ماسلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تەتقىقاتىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىسلام دىنى ئىلىم تەتقىقاتى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان، "ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەركىتى"نىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى داۋامى، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) سىياسى، ئىقتىسات ئىسلاملاشتى، يەنى "بۈيۈك ئىسلامىزىم"نەزەرىيىسى بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ كونكرېت ئەمىلىيىتى بىرلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىراندىكى "ئىسلام ئىنقىلاۋى"، پاكىستاندىكى "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى "ئەسلى ئىسلام دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەركىتى"، لىۋىيە، ئالجىرىيە ۋە جەنۇبىي يەمەندىكى "ئىسلام سوتسىيالىزىمى" قاتارلىق شەكىللىرى بار.

2) ئىسلام دىنى ئىلمىيلەشتى. بۇنىڭدىكى مەركىزىي ئىدىيە قۇرئان كېرىمدىكى سۈرىلەرگە ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ۋە ئەقىل ـ ئىدرەككە ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئەنئەنىسىنى دەلىللەشتىن ئىبارەت. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس كىتاپلارنى يازدى.

3) قەدىمقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش روھى. بۇنىڭدا ھازىر مۇسۇلمانلار ئەنئەنىۋى يولدىن چەتلەپ كەتتى، شۇڭا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يەنى "قۇرئان كېرىمدىكى روھقا قايتىش كېرەك"؛ قۇرئان كېرىمنى ئۆگىنىش ۋە قىرائەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ۋە ھەدىسنى تەشۋىق قىلىش شۇنىڭدەك دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شەرەپلىكلىگىنى ئەسلەپ، ھازىرقى زامان ئىدىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلار ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدۇر دەپ قارىلىدۇ.

4) غەيرى ئىسلام ئەللىرىدىكى "ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار" ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

5) غەرپلىكلەر بىلەن داۋاملىق بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئەمەلىيەتتە تارىختىكى ئىسلام دىنى بىلەن غەرپلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ داۋامى، بىرمۇنچە غەرپ

ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان قارىشى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى.

## 3. هازىرقى زامان ئاتاقلىق مۇسۇلمان دىنىي ئۆلىمالىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۆزىنى ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا ئاتىغان زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمان دىنىي ئۆلىمالار مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە بىز خەلقارادا داڭ چىقارغان مۇسۇلمان يازغۇچىلاردىن تاللاپ تونۇشتۇرىمىز، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ھىلىمۇ ھايات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە كۆزقاراشلىرى دۇنيادىكى ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىگە تونۇشلۇق.

1. ئەھمەد ئىمىن (مىسىرلىق) ئەزھەر داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، 1954 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. بۇ ئىسلام دىنى ئۆلىماسى 20 - ئەسىردە ئەرەپ دۇنياسىدا ئەڭ داڭلىق ۋە ئەڭ تەسىرى بار تارىخشۇناسلارنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ، ئەرەپ تارىخىغا دائىر ئەسەردىن نەچچە ئوننى يازغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەرەپ - ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» دىگەن ئەسەر دۇنيادىكى تارىخشۇناسلارنىڭ تازا ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولۇپ، «ئەھمەد ئىمىن ئىسلام قامۇسى» دەپ ئاتالغان. بۇ كىتاپ 8 توم بولۇپ، «سۇبھى ۋاقتى»، «چۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقتى»، «چۈش ۋاقتى» دەپ 3 قىسىمغا بۆلۈنگەن. كىتاپنىڭ 1 - قىسمى «سۇبھى ۋاقتى» بۇرۇنلا پىروفېسسور ناجۇك تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىققان ئىدى، 1982 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ قايتا نەشر قىلىندى، قالغان 2 قىسمىمۇ پىروفېسسور ناجۇكنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەرجىمە قىلىنماقتا ۋە ئارقا - ئارقىدىن نەشردىن چىقىدۇ.

2. ئابدۇللا مۇدۇد (پاكىستانلىق) — ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1903 - يىلى تۇغۇلغان، پاكىستان ئىسلام جەمىيىتىنىڭ رەئىسى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى فوند ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، مەدىنە ئىسلام داشۆسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۇ ئىسلام دىنىغا دائىر 200 دىن كۆپرەك ئەسەر يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغىنى 6 توملۇق «تەپسىرى قۇرئان». ئۇ ئوردۇ يېزىغىدا ئەسەر يازىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنگلىزچە، ئەرەپچە، تۈركچە، پارسچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە، شۋىتسىيەچە، ھىندىچە قاتارلىق 20 نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «ئىسلام دىنىنى چۈشىنىش»، «ئىسلام دىنى ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قۇرئان كېرىمنىڭ قىسقىچە ئەقىدىلىرى»، «ئىسلام دىنىنىڭ تۇرمۇش يولى»، «مائارىپ توغرى-

سىدا»، «ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىكا قارىشى»، «ئىسلام فىقھەسى ۋە ئاساسىي قانۇن»، «تۇغۇتقا چەك قويۇش» قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىسلام دىنىنى چۈشىنىش» دېگەن كىتاپتا ھازىرقى زامان نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆلچەملىك ئىسلام دىنى دەرسلىكى قىلىنىپ، 25 چەتئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئاپتور بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان، ئۇ ئىسلام دىنى ئىلمىگە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان.

3. خۇرشىدە ئەھمەد (ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن پاكىستانلىق) ئەنگلىيە ئىسلام دىنى فوند جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىۋى، پاكىستان كاراچى داشۆسىنىڭ ئىقتىسادىي پەنلەر دوتسېنتى. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى ئاتاقلىق ئىسلام دىنى نەزەرىيىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ھازىرقى زامان نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ «ئىسلام دىنى ئىدىيىسى»، «ئىسلام دىنى ۋە غەرپ»، «ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە قانۇنى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ پرىنسىپى»غا ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

4. ئا. ك. بۇدۇش (پاكىستانلىق) ئاتاقلىق ئىسلام دىنى قانۇنشۇناسى، ئادۋوكات ۋە سىياسىي ئەرباپ. ئۇ ئىلگىرى پاكىستان ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان، ھازىر دۆلەت "ھىجرىيە" ئەسرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى. ئۇنىڭ «پاكىستاننىڭ تۈپ قانۇنى»، «ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زامان دۇنياسى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار. كېيىنكى ئەسىرى ئۇنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بولغان مەزگىللەردە ئېلان قىلغان نۇتۇقلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى رولى ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىلەرگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇ ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئىلىم تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنى پائال تەشەببۇس قىلغان، ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام دىنى ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە چىقىدىغان «ئىسلام دىنىغا دائىر نادىر كىتاپلار»نىڭ ھەممىسىنى ئەرەپ، ئىنگلىز، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ پائال ئۇيۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا، 1983-يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4-ئاينىڭ باشلىرىغىچە كاراچىدا 8 دۆلەت قاتناشقان خەلقارا ئىسلام كىتاپلىرى ۋە قوليازمىلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە ۋە ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ تەكلىپكە ئاساسەن قاتناشتى.

5. ئەبدۇ خەمىت سىدىق (پاكىستانلىق) كاراچى ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، لاھور «قۇرئان كېرىم تەرجىمىسى»نىڭ مۇئاۋىن تەھرىرى، «گۇجرانۋالا» ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىسادىي پەنلەر پروفېسسورى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ۋە دەسلەپكى چاغلاردىكى پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە غەرپنىڭ بەزى ئالىملىرى ۋە خىرىستىيان دىنىدىكى

بەزى ئۆلىمالارنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئەيىپلەشلىرى تەھلىل قىلىنغان ۋە رەت قىلىنغان. ئۇنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «تارىخنىڭ پەلسەپىۋى مەنىسى»، «ئىسلام دىنىدىكى پەيغەمبەرلەر» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار. «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرنىڭ ھەر بىر جۈملىسىنىڭ دەلىللىرى بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

6. مۇھەممەت گۇتاپ (سەئۇدى ئەرەبىستانلىق) — سەئۇدى ئەرەبىستانى «پادىشا ئەبدۇ ھاپىز داشۆسى»نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى پىروفېسسورى، ئاتاقلىق ئىسلام دىنى ئۆلىماسى، مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمىيىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى. مۇھەممەت گۇتاپ ئىسلام دىنىغا دائىر كىتاپلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 12 نى يازغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى كۆپ خىل تىللارغا، جۈملىدىن ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، ئوردۇ ۋە پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. "ئىسلام: خاتا چۈشىنىلگەن دىن" دېگەن كىتاۋى ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى غەرپلىكلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى ئەيىپلەشلىرىگە دائىر بىرقانچە مەسىلىنى قۇرئاندىن نەقىل كەلتۈرۈپ تەھلىل قىلغان.

7. مۇھەممەت ئۆمەر چاپرا (سەئۇدى ئەرەبىستانلىق) — ئامېرىكا مىننېسوتا ئىشتاتىنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى پۇل مۇدىرىيەت باشقارمىسىنىڭ ئىقسادىي مەسلىھەتچىسى، پاكىستان ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەتقىقاتى يۇرتىنىڭ ئالىي ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىسى ۋە پاكىستان ئىسلام دىنى تەتقىقاتى يۇرتىنىڭ دوتسىنتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئۇ «پاكىستاننىڭ ئىگىلىك تۈزۈمى»، «ئىسلام ئىقتىسادىي تەرتىۋىنىڭ نىشانى» قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان ھەمدە ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللاردا ئىسلام ئىگىلىكىگە دائىر بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ ئىسلاملىشىشى دېگەن مەسىلە مۇشۇ ئەسەرلەردە تەپسىلىي شەرھىلىنىدۇ.

8. سەئىد گۇتاپ (مىسىرلىق) 20-ئەسىردىكى داڭلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى، ئۇ «ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائى ھەققانىيىتى»، «ئىسلام دىنى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋاشىنگتون (1953-يىلى) ۋە بېيرۇت (1970-يىلى) تا نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە ئەرەپ تىلىدا ئىسلام دىنىغا دائىر 20 نەچچە كىتاپ يازغان، 8 توملۇق «تەپسىرى قۇرئان» بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇ سابىق مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مەسلىھەتچىسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان. ناسىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ دىنىي ۋە سىياسى كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن تۈرمىگە قامالغان، 1966-يىلى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

9. ئابدۇراخمان ئەززەم (مىسىرلىق) — ئىسلام دىنى ئۆلىماسى، قوشۇمچە سىياسى ئەرباپ،

ئەرەپ ئىنتىپاقىنىڭ تۇنجى باش كاتىۋى (1945 — 1952) بولغان، ئۇنىڭ «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەزىپىسى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە تەشەببۇسلىرى يەكۈنلەنگەن، شۇنىڭدەك ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىي رولى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

10. سەئىد ھۈسەيىن ناسىر (ئىرانلىق) — "تېھران — ئالىيە — مەخىر تېخنىكا داشۆسى" نىڭ مۇدىرى، ئامېرىكا ھافۇ داشۆسىنىڭ دوكتورى، فىزىكا، پەن ۋە ئىسلام دىنى پەلسەپە تارىخى مۇتەخەسسىسى، 1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، بېيرۇتتىكى ئامېرىكا داشۆسىدە ئاگىخان ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان لېكسىيىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «مۇسۇلمانلار دانىشمىنى ئاۋىسىنا سۇخراۋات ئىبنى ئەرەبى»، «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇشى: ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىكى روھىي كرىزىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئالىمغا خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغان.

11. مەھدى بازارگان (ئىرانلىق) — ئىراننىڭ ئاتاقلىق مىخانىكا قۇرۇلۇش ئالىمى، فرانسىيىدە ئوقۇغان، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، تېھران تېخنىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىسسىقلىق ئىلمى ۋە پارماشىنىلىرى ئىلمى پىروفېسسورى بولغان، كېيىن يەنە شۇ ئىنىستىتۇتىنىڭ پاكۇلتېت مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەمدە دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان، ئۇ، ئىسلام دىنىغا دائىر 40 نەچچە كىتاپ يازغان، ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم - پەننى ۋە سىياسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىراننىڭ "ئىسلام ئىنقىلاۋى" ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئالاھىدىلىكتۇر. «ئەمگەك ۋە ئىسلام دىنى»، «ئاللاتائالانى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسانلارنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر»، «ئىسلامدىكى تازىلىق»، «ئەلى ۋە ئىسلام»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ سەۋۋى»، «دىن بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «قۇرئان كېرىمدە بايان قىلىنغان يامغۇر ۋە شامال»، «ئاتموسفېرا ھادىسلىرى»، «ئىرادە ئەركىنلىكى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ھېساپلىنىدۇ.

12. مۇھەممەت ئازات (ماراكەشلىك) ئەسلى ئاۋستىرىيىلىك، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ خەلقارادا داڭ چىقارغان ئىسلام دىنى ئۆلىماسى. ئۇنىڭ «ئىسلام دىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدا» دېگەن ئەسىرى 1934 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكىلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. چۈنكى بۇ كىتاپتا تەكىتلەنگەن ئىسلام دىنىنىڭ "ئەسلىدىكى ئىنقىلاۋىي روھى" ئەينى ۋاقىتتىكى غەرپ ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى ھاقارەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرما بولغان، بۇ كىتاپتا ھەدىسنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە رولى تىلغا ئېلىنغان بولغاچقا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغان، بۇ كىتاپ

1969 ـ يىلى لاھورda قايتا نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان «سەھىھۇلبۇخارى ۋە ئۇنىڭ شەرھى» (تولۇق ئەمەس) دېگەن ئەسىرى 1908 ـ يىلى لاھوردا نەشر قىلىنغان. ئۇ «مەككىگە تۇتىشىدىغان يول»، (1954 ـ يىلى)، «قۇرئان كېرىم ھەققىدە خەۋەرلەر» (تولۇق ئەمەس) (1964 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «مەككىگە تۇتىشىدىغان يول» دېگەن ئەسىرىدە ئاپتورنىڭ ئىدىيە ۋە ھىسسىيات جەھەتتە ھەج ـ تاۋاپ قىلغانلىقىغا دائىر ھېكايە بايان قىلىنغان. كىتاپتا يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ھازىرقى زامان غەرپ مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنغان ھەمدە ئىسلام دىنى بىلەن ھازىرقى زامان دۇنياسى بىرلەشتۇرۇلگەن. بۇ كىتاپتا ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن بىر غەرپلىكنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان كۆزقارىشى چۈشەندۇرۇلگەن.

13. مۇستاپا ئەخمەد زەركا (ئىئوردانىيىلىك) — مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى فىقھە ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق كىشى، ئىسلام دىنى فىقھە ئىلمى دوكتورى. ئۇ سۇرىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان، ھازىر ئىئوردانىيە داشۆسى فىقھە ئىلمى پىروفېسسورى، ئىسلام فىقھە ئىلمىگە دائىر ئەرەپ تىلىدا 20 نەچچە كىتاپ يازغان. ئۇ «ئىسلام دىنىنىڭ (ئاللاتائالاغا) ئىمان كەلتۇرۇش ئۇقۇمى» (بېيرۇتتا چىقىدىغان «مۇسۇلمانلار» ژورنىلىغا بېسىلغان) دېگەن ئەسىرىدە ئاللاتائالاغا ئىمان كەلتۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ رىيال دۇنيادىكى كۆرەشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىملىقىنى شەرھىلىگەن. شۇڭا ئۇ ئىسلام دىنىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەمىلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدىكى دەرۋىشچىلىككە قارشى تۇرغان.

14. مەھمۇد بۇرۇئىۋى (پاكىستانلىق) — پاكىستان تارىخشۇناسى ۋە خەلقارا ئىسلام دىنى مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى، ئۇ ئافرىقىدا 8 يىل تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئارىلاپ چىققان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، 4 يىل قاھىرە ئىسلام كېڭەشىنىڭ باش كاتىۋى بولغان. 1960 ـ يىلى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، يىراق شەرق، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زىلاندىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىسلام دىنى مەسىلىلىرى ئۇستىدە لېكسىيە ئوقۇپ ساياھەت قىلغان. ئۇ 30 دىن ئارتۇق كىتاپ يازغان بولۇپ، ماتېرىيالىنىڭ موللۇغى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى: «ئىسلام دىنى ئافرىقىدا»، «پاكىستاننىڭ مۇسۇلمان خوشنا دۆلىتى»، «ئەرەپ ۋە ئافرىقا مۇسۇلمانلىرى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى مۇسۇلمانلىرى»، «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى»، «تۈركىيە»، «ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئىسلام دىنى»، «ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زامان ئىدىيىسى»، «ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلار تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. پىروفېسسور بۇرۇئىۋى ئۆزىنىڭ بارلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەرق ۋە غەرپ ئالىملىرىغا تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۇرگەن بىرمۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇردى.

15. فىسار سامىل (ئىراقلىق) — تارىخىي پەنلەر دوكتورى، ئىراق تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ

مىنىستىرى (1958 ـ يىلى) ۋە باغدات داشۆسىنىڭ پىروفېسسورى بولغان، مەخسۇس جۇڭگو ـ ئەرەب مۇناسىۋىتى تارىخىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ «يىراق شەرقتىكى ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابنى يازغان، كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا قانداق كىرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان، ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى دىگۇدەك ئەرەبچە ماتېرىياللاردىن ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئالاقىدار ئەسەرلەردىن ئالغان. دوكتۇر فىسار سامىل 1983 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

16. مورىس بىگاي (فرانسىيىلىك) ــ پارىژ داشۆسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئەسلى كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلغان، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان، ئۇ قۇرئان كەرىم، "ئىنجىل"نى پۇختا ئىگەللىگەن، بۇ ئىككى دىنىي كىلاسسىك ئەسەردە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە دائىر بايانلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، قۇرئان كەرىمدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە دائىر كۆز ـ قاراشلارنى ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى، "ئىنجىل"دىكى بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلارنى بولسا، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئاپتور قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋرى، قۇرئان كەرىم بولسا باشلىنىشىدىلا بىلىم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان دەپ قارىغان. مورىس بىگاي دوختۇر ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى زامان پەنى» دېگەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان، كىتابنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە مەخسۇس قۇرئان كەرىم ئۈستىدە توختىلىپ، قۇرئان كەرىمدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە دائىر چۈشەندۈرۈشلەرنى باپلارغا ئايرىپ بايان قىلغان ھەمدە تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى بىلىملەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى بايقىغان. بۇ كىتاب قۇرئان كەرىمنى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتاب لىۋىيىدە نەشر قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغاپ، بىر مەھەل كەڭ تۈردە سېتىلدى.

17. تايىم ئەلى ئولۇبىن (ئامېرىكىلىق) ــ ئەسلى كانادالىق، دىنىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. ئامېرىكا پولىنستون داشۆسىنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئىسپانىيە تىلى دوكتورى، ھازىر ئامېرىكا تەننىشى داشۆسىنىڭ ئىسپانىيە تىلى ۋە ئىسلام دىنى پىروفېسسورى، ئەرەب ئەللىرىدە، ئىراق ۋە باشقا جايلاردا "ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەركىتى" ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، «گۈللىنىۋاتقان ئىسلام دىنى: بۈگۈنكى ئىسلام دىنى دۇنياسى» دېگەن كىتابنى يازغان، بۇ كىتاب 1979 ـ يىلى نىگېرىيىنىڭ پايتەختى لوگوستىكى ئىسلام نەشرىيات

ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، كىتاپقا نۇرغۇن سۈرەتلەر بېرىلگەن ھەمدە بىرنەچچە بېتىدە مەخسۇس جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىچىدە "ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خېلى زور مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر" دەپ ئاتىغان ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلسا، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى، بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىناۋىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ، دېيىلگەن. كىتاپنىڭ قوشۇمچە جەدۋىلىدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى (90 مىليوندىن ئارتۇق) خاتا مۆلچەرلەنگەن، بۇ جەدۋەلدە يەنە جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى خالىغانچە پارچىلانغان، بۇنىڭغا كىشى تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ.

18. مەريەم جەمىلە (ئامېرىكىلىق) — بۇ، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان ئايال ئالىم. ئۇ ئىسلام دۆلەتلىرىدە كۆپ يىل تۇرغان، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە تارىخى ئۈستىدىكى چوڭقۇر تەسىراتلىرىنى ئىككى مەشھۇر ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققان، يەنى «نەزەرىيە جەھەتتىكى ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ئىسلام دىنى» (1967-يىلى لاھور نەشرى)، دىگەن ئەسىرى 30 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنى ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە ھەمدە "ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەركىتى"نىڭ ئەھۋالىغا بېرىپ چېتىلىدۇ؛ «ئىسلام دىنى ۋە مودېرنىزىم» (1968-يىلى لاھور نەشرى) دىگەن ئەسىرى 24 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا غەرپ ئىدىيىسى ۋە مەدىنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە توختالغان. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى مەيداندا تۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىكى مودېرنىزىمنى كۈچلۈك تەنقىت قىلغان.

19. مەركۇم ئېكس (ئامېرىكىلىق) — ئامېرىكىدىكى نېگىر مۇسۇلمانلارنىڭ داھىسى. 1965-يىلى ئامېرىكىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «مەركۇم ئېكسنىڭ تەرجىمىھالى» دىگەن ئەسىرى بار، بۇ ئەسەرنى نيۇ-يوركتا ئالېكساندىر ھاتلىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىپ چىققان، 1955-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاپتا ئىرقىي كەمسىتىشكە تولغان ئامېرىكىدا نېگىرلەرنىڭ خورلىنىشلىرى، تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى، ئۇلارنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئىسلام دىنىنى تاپقانلىقى ھەمدە ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن نېگىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمىيىتى — "ئىسلام مىللىتى" بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى؛ مەركۇم ئېكس بۇ جەمىيەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغانلىقى؛ بۇ نېگىر مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىدا ئامېرىكىلىق نېگىرلەر ئۆزلىرىنىڭ "قېرىنداشلار" دەپ ئاتالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. كىتاپنىڭ ئاخىرىدا مەركۇم ئېكس ئۆزىنىڭ ھەج قىلىشتىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلغان، كىتاپ ئۆزىنىڭ يارقىن تىلى بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

20. سەئىد ئابدۇللا لىسا غىياس (ئىرانلىق) — ئىراننىڭ مەشھۇر ئىسلام دىنى ئۆلىماسى. «ئالەم كېمىسى دەۋرىدىكى قۇرئان كېرىم» (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى) دىگەن كىتاپنى يازغان، بۇ كىتاپ

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئىراندا كەڭ سېتىلغان كىتاپلارنىڭ بىرى. بۇ كىتاپتا قۇرئان كېرىمدە بايان قىلىنغان بەزى مۆجىزىلەر ۋە ئاللاتائالانىڭ ۋەھىيى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىزاھلانغان بولۇپ، قۇرئان كېرىمنىڭ "زۆرۈرلۈكى"، "مۆجىزىلىكى" "ئىلمىيلىكى ۋە بەدىئىلىكى" ھەمدە "دۇنياۋىلىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ئىدىيىسى" 4 قىسىمغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈلگەن.

21. ئەلى سالىئات (ئىرانلىق) — فرانسىيىدە ئوقۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەر دوكتورى ئۇنۋانىنى ئالغان. ئىرانغا قايتقاندىن كېيىن، مەشھەت داشۆسى ۋە ھۈسەيىن ئىلسات ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىسلامشۇناسلىق (قۇرئانشۇناسلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قوشۇمچە دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىي ئىجتىمائىيەتتىن دەرس ئۆتكەن. ئۇ 100 دىن ئارتۇق كىتاپ يازغان: بۇ كىتاپلىرى ئىچىدە «دىن تارىخى»، «ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇش»، «ئىسلام دىنى تارىخى»، «ئىسلام دىنىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى»، «ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە بولغان قارىشى»، «شىئە مەزھىپىنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «ئېتىقات ۋە ئىلىم ـ پەن»، «ئايال ـ لارنىڭ ئىجتىمائىي ھوقۇقى»، «شىئە مەزھىپىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى»، «كامىل ئادەم — ئەلى»، «زىيالىلارنىڭ جەمىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى»، «ھەج ـ تاۋاپ قىلىش»، «ئىسلامشۇناسلىق» دېگەن كىتاپلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «ئىسلامشۇناسلىق» دېگەن كىتاۋى ئۇنىڭ لېكسىيىلىرىگە ئاساسەن رەتلەپ توپلانغان. ئۇ، ئىجتىمائىيەتنى ئىسلام دىنى نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلام ئىجتىمائىيىتىگە ئايلاندۇرغان. ئەلى سالىئاتنىڭ ئىراندىكى زىيالىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا زور تەسىرى بار. ئۇنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشا ھۆكۈمىتىگە ياقمىغاچقا، ياۋروپاغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1977 ـ يىلى ئەنگلىيىدىن ئامېرىكىغا بېرىش ئالدىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 4. "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان" دۇنيا مۇسۇلمانلىرى مۇنبىرى

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى تەتقىقاتى گۈلزارلىقىدا ئۆزىنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ نۇرىنى جىلۋىلىتىپ تۇرغان ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ "گۈلزارلىق"تا بۇلاردىنمۇ قېلىشمايدىغان سان ـ ساناقسىز مەشھۇر ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بار. بولۇپمۇ پاكىستان دىن ئىبارەت يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە، ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەرقايسى ساھەلەردە ئىسلام دىنى ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، مۇھاكىمىنىڭ مەركىزى "قۇرئان كېرىم — كىتاپلارنىڭ ئانىسى"دېگەندىن تارتىپ "تۇغۇتنى چەكلەش"دېگەنگىچە بولغان.

مەسىلىلەردە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئىچىدىن نەزىرىيىۋى ئاساس ئىزلەشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. پاكىستاننىڭ ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى ئىسلام تەتقىقاتىنىڭ "زامانىۋىلىشىش"ىغا ۋە سىياسى، ئىقتىسات، مەدەنىيەتنىڭ ئىسلاملىشىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلام تەتقىقاتىنى نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھازىرقى زامان پېنىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا. ئومۇمى جەھەتتىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام تەتقىقاتى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتلەردە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "بىلىم تەھسىل قىلىش ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر" دېگەن ئىدى. ئەرەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ژورناللىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ "ھەقىقى بىلىم ئېلىش" روھىنى جارى قىلدۇردى. مىسىردىكى «ئەزھەر داشۆ ژورنىلى»، «مۇنبەر» ئايلىق ژورنىلى، لىۋىيىدە چىقىدىغان "غازات» ئايلىق ژورنىلى، ماراكەشتە چىقىدىغان «داۋا. ھەق» ئايلىق ژورنىلى ۋە «يېتەكلەش» ئايلىق ژورنىلى، تۇنىستا چىقىدىغان «بىلىم ۋە ئىمان» ئايلىق ژورنىلى قاتارلىق ژورناللار خەلقارادا مەشھۇر. ئىسلام دىنىغا دائىر ئەرەپچە ئىلمىي ژورناللار ھېساپلىنىدۇ. كۇۋەيتتە چىقىدىغان «ئەرەپلەر» دېگەن ئايلىق ژورنال ئومۇمىيسال ژورنال بولۇپ، ئۇنىڭغا 1981-يىلى شۇ ژورنالنىڭ باش مۇھەررىرى پەخەمى گۇۋىرنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىغانلىغىغا دائىر «ئاللاتائالا جۇڭگودا» سەرلەۋھەلىك ماقالىسى بېسىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن سۈرەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىققىتىنى كەڭ تۈردە جەلپ قىلغان ئىدى.

"ئىسلام ئىنقىلاۋى"دىن كېيىن، ئىراندا نەشر قىلىنغان زور مىقتاردىكى دىنىي كىتاپ-ژورناللارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك "ئىسلام ئىنقىلاۋى" تۈسىنى ئالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى پارتىيىسىنىڭ ھەپتىلىك ژورنىلى»، «سۇلۇش — ئىسلام ئىنقىلاۋى خەۋىرى» (ئايلىق ژورنال)، «ئىسلام ئاۋازى» (قوش ئايلىق ژورنال)، «مەھجۇبا — مۇسۇلمان ئاياللىرى ژورنىلى» قاتارلىقلاردا "شەرقمۇ كېرەك ئەمەس، غەرپمۇ كېرەك ئەمەس" دەيدىغان مۇستەقىل "ئىسلام ئىنقىلاۋى" ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىندى. ئىران ئىسلام دىنىغا يېتەكچىلىك قىلىش مىنىستىرلىگى نەشر قىلغان «ئىنقىلاۋىي ئىسلام ۋە ئىسلام ئىنقىلاۋى» دېگەن كىتاپتا ئىران "ئىسلام ئىنقىلاۋى"نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بايان قىلىنغان.

پاكىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «ھەقىقى ئىشەنچ» دېگەن يېرىم ئايلىق ژورنالدا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، تارىخى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان ماقالىلار بېسىلىدۇ. باش ئىشتاۋى كاراچىدا بولغان دۇنيا ئىسلام كېڭىشى «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» دېگەن ھەپتىلىك ژونال، «ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» ۋە «ئىسلام

دىنىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى قىسقىچە ئەھۋالى» دېگەن ژۇناللارنى نەشر قىلدۇ.

باش ئىشتاۋى مالايشىيانىڭ پايتەختى كۇئالا لۇمپۇردا بولغان «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تېچ ئوكيان رايونى دىنىنى تەشۋىق قىلىش مۇدىرىيىتى» نەشر قىلدىغان پەسىللىك ژۇرنال «ئېرناختا» (گۈللىنىش)دا بۇ رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەتلىرى. ۋە ئۇلارغا دائىر مەسىلىلەر خەۋەر قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىككە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرى بېسىلىدۇ، بۇ مۇدىرىيەت يەنە ئىسلام «نۇرى» دېگەن خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنالنى نەشر قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ساپ دىنىي تۈس ئالغان ژۇرنال بولۇپ، بەزىدە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ماقالىلىرىمۇ بېسىلىدۇ.

1978 ـ يىلى سېنېگالنىڭ پايتەختى داكاردا چاقىرىلغان 9 ـ قېتىملىق ئىسلام دۆلەتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى "ئىسلام دىنى تارىخى، گۈزەل سەنئەتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزى" قۇرۇشنى، بۇنىڭ باش ئىشتاۋىنى تۈركىيىنىڭ ئىستامبول شەھرىدە قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ تەتقىقات مەركىزى ئىسلام دىنى تارىخىغا دائىر مەجمۇئەدىن «تۈركىيە تارىخى»نىڭ 1 ـ قىسمى ۋە باشقا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن ئەسەرلەردىن «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا دائىر قوللانما»، «ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش قوللانمىسى»، «14 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە مەككىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ھۆججەتلەر»، «قۇرئان كېرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى»، «كەبەنىڭ ئاچقۇچى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار»، «تۈركىيە كۇتۇپخانىسىدىكى ئەرەپچە، تۈركچە ۋە پارسچە ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنىچى تۈركۈم تەتقىقات ۋەزىپىسىدىن ئىككىنى تاماملىدى. «ئىسلام خەتتاتلىقى»، «ئىسلام دىنى شەھەرى»، «ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارخىپىغا دائىر قوللانما» قاتارلىق ئەسەرلەر پۈتۈش ئالدىدا تۇرماقتا؛ «ئىسلام دىنى تارىخىغا دائىر كىتاپلار»، «ئىسلام دىنى دۇنياسىغا دائىر تارىخىي سۈرەتلەر» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىشلەنمەكتە؛ «كىتاپ باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»، «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر قەدىمىي كىتاپلار»، «ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مەسىلىسى»، «ئىلىم ـ پەن تارىخى»، «ئىسلام دىنىغا دائىر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ تەتقىقات مەركىزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى، گۈزەل سەنئەتى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت پىرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال نەشر قىلماقچى. بۇ تەتقىقات مەركىزى «ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتى» تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۇنياۋى ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئاپپاراتى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلارنى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىن تەتقىقاتى كۈندىن ـ كۈنگە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلاشماقتا دېگەن نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ھازىر ئىسلام

دۆلەتلىرىدە ئىسلام دىنىنى يېتەكچى قىلغان نۇرغۇن سىياسىئونلار، ئىقتىساتشۇناسلار، ئىجتىمائى پەن ئالىملىرى ۋە پىداگوگلار مەيدانغا كەلدى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. پاكىستاندا بۇنداق مۇتەخەسسىسلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان «مۇسۇلمانلار مائارىپى» ژورنىلىدا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىكى ئىجتىمائى پەن ۋە تەبىئى پەنلەرنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا دائىر مەخسۇس ماقالىلار ئېلان قىلىنىدۇ. يېقىندا جىددىدىكى پادىشا ئەبدۇ ھاپىز داشۆسىدە يەنە بىر يۈرۈش «ئىسلام مائارىپىغا دائىر مەجمۇئە» نەشر قىلىندى. ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ”ئىسلاملاشتۇرۇش“نىڭ شەكلىدىمۇ ھەركىم ئۆزگىچە يول تۇتقان. يەنە بىر جەھەتتىن، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى چۆشەندۈرۈشتە ھەركىم ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، پاكىستانلىق مۇسۇلمان دىنشۇناس مودۇدپەننى ئىسلام دىنى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ، ئىرانلىق مۇسۇلمان ئالىم بازارگان ئىسلام دىنىنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ؛ مۇسۇلمان تارىخشۇناس بۇرۇئېۋى بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرىنى تارىخ نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئىسلام دىنى تارىخى 15-ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى مەدىنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىردەك تەكىتلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا پەن، مەدىنىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى دىن تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تېما، شۇنداقلا ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ.



# ئوسماننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

م . ئۆمەر

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسماننىڭ ئىسمى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بىرقەدەر تونۇش، چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتى مەسىلىسىدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئومۇمەن «كونا تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»دە يېزىلغىنى بويىچە ”يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى“ (مىلادىنىڭ 651 - يىلى) نى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 30 - يىلى — ئوسمان خەلىپە بولغاندىن كېيىنكى 8 - يىل ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئان كېرىمنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ بېكىتىلىشى، قايتا بېسىلىشقا ۋە تارقىلىشقا باشلىنىشى ئوسمان خەلىپە بولغان مەزگىل ئىچىدىكى ئىش، بۇ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا تونۇشلۇق.

## 1. بارلىغىنى ئىسلام دىنىغا بېغىشلىشى

ئوسمان مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئۆمەييا جەمەتىدىن. ئۇ مىلادىنىڭ 576 - يىلى (پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن 6 ياش كىچىك) تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئافغان، ئانىسى ئارۋا. ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا سادىق، ئادىل، ساپ، ئەدەپلىك بولۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئادەتلەنگەن؛ چوڭ بولغاندىن كېيىن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاستا - ئاستا كاتتا باي بولغان، باشقىلارغا سېخى، سەمىمى بولۇش بىلەن نام چىقارغان. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى ئىدى. ئۇ ئەبۇ بەكرىدىن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئاڭلاپ، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، بارلىغىنى ئىسلام دىنىغا بېغىشلىماقچى بولغان. ئۇ تەلخاھ بىلەن بىللە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلھام بەخش تەلىملىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغان...

ئۆمەييا جەمەتى قۇرەيش قەبىلىسىدىكى تازا گۈللەنگەن بىر جەمەت بولۇپ، ھاشىم جەمەتى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى) بىلەن قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى بولغان. لېكىن بۇ جەمەتنىڭ بەزى يولباشچىلىرى ھاشىم جەمەتى بىلەن ئىتتىپاقلاشمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى كەمسىتكەن، بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان. ئوسمان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئوسمان ئۇلارغا قارشى قەتئىي تۇردە كۈرەش قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننىڭ قەيسەر، سادىق مىجەزىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قىزى رۇقىيەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. يېڭى ئەر-خوتۇنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە مىلادىنىڭ 614 — 615-يىللىرى ئېفىئوپىيەگە بېرىپ، شۇ يەردە بىر نەچچە يىل مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

مىلادىنىڭ 622-يىلىغا كەلگەندە، مەككىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ئىسلام دىنى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز بولغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يەسرىپكە ھىجرەت قىلىشنى قارار قىلغان ھەمدە مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يەسرىپكە ھىجرەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوسمان ئەر-خوتۇن ئېفىئوپىيەدىن مەككىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىپ يەسرىپكە بارغان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى مەدىنىگە ئۆزگەرتكەن)، ئوسمان ئۇ يەردە ”ئەنسار“ لار قاتارىغا قوشۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ يەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، پۈتۈن شەھەردە سۈيىنى ئىچىدىغان بىرلا قۇدۇق بولۇپ، ئۇ باشقا دىندىكى بىر كىشىگە مەنسۇپ ئىكەن، مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم سۇ ئالغاندا ئۇنىڭغا پۇل تۆلەيدىكەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ پۇل چىقىرىپ ئۇ قۇدۇقنى سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى قىلىشنى ئۆتۈنگەن. يەنە مەسىلەن، دەسلەپ سېلىنغان ”پەيغەمبەر مەسچىدى“ كىچىكرەك بولۇپ، مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ئۇ مەسچىت كىچىكلىك قىلىپ قالغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى چاقىرىق قىلغان. نۇرغۇن پۇل كېتىدىغان بۇ ئىككى ئىشنى ئوسمان ئۆزى ئۈستىگە ئالغان، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئوڭايلىق تۇغۇلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قۇربى يېتىشىچە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنىڭ ئىككى مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رۇقىيە مەدىنىگە بېرىپ 3 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى ئۈممە گۈلسۈمنى ئوسمانغا

ياتلىق قىلغان (ئۇممە گۈلسۇم ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلى، مىلادىنىڭ 630 - يىلى ۋاپات بولغان).

ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق قوغدىنىش ئۇرۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زور قوشۇننى باشلاپ سۇرىيە چېگرىسىدىكى تەبۇككە بېرىپ، ۋىزانتىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقاندا (مىلادىنىڭ 630 - يىلى)، ئوسمان ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 10 مىڭ دىنار پۇل ۋە مىڭ دانە تۆگە ئىئانە قىلغان. ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېچنىمىسىنى ئايىمايدىغان روھى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەردىن قېلىشمايتتى.

## 2. خەلىپىلىككە سايلىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشى

ھىجرىيىنىڭ 23 - يىلى يىل ئاخىرىدا (مىلادىنىڭ 644 - يىلى) خەلىپە ئۆمەر سۇيىقەستكە ئۇچراپ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ھايات چېغىنى غەنىمەت بىلىپ، ئابدۇللا رەخمان، ئوسمان، ئەلى، زۇبائىر، سەئىد ۋە تەلخاھ قاتارلىق 6 كىشىدىن سايلام گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن، ئابدۇللا رەخماننى رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلەپ باشقا 5 كىشىنى ئۆزئارا سايلاشقا بەلگىلىگەن؛ شۇ ۋاقىتتا تەلخاھ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، سايلام گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆمەرنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئۇنى 3 كۈن ساقلايدىغان بولغان. 3 - كۈنى ئۇ يەنىلا قايتىپ كەلمىگەچكە، ئابدۇللا رەخمان قالغان 4 كىشىنى چاقىرىپ ئۆزئارا سايلاتقۇزغان؛ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئوسمان بىلەن ئەلىنىڭ قايسىسىنىڭ سايلىنىدىغانلىقىغا مەركەزلەشكەن، سايلام ئەھۋالى مۇنداق بولغان: ئوسمان بىلەن ئەلى بىر بىرىگە بىلەت تاشلىغان، سەئىد ئوسماننى سايلىغان، زۇبائىر ئوسمان بىلەن ئەلىنىڭ ئىككىلىسىگە قوشۇلغان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئوسمانغا بىر ئاۋاز ئارتۇق چۈشكەن. ئابدۇللا رەخمان ئەتىسى ئەتىگەندە ئاممىغا ئوسماننىڭ خەلىپە بولغانلىقىنى جاكالىغان. شۇنىڭ بىلەن مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم ئىچىشكەن، تەلخاھ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلغان.

ئوسمان خەلىپە بولغان 12 يىلنى ئاساسىي جەھەتتىن ئالدىنقى مەزگىل ۋە كېيىنكى مەزگىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقى مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولغان، كېيىنكى مەزگىلگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىلگىرىلەش يولىدا كرىزىس پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا ئېغىر تارىخىي ۋەقەگە ئايلانغان.

ئۇ خەلىپە بولغاندىن باشلاپ ئىچكى يېغىلىق باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان.

1. ئوسمان خەلىپە بولۇپ بىرىنچى يىلىلا پىرسىيەدە توپىلاڭ يۈز بەرگەن. ئوسمان بەسرىنىڭ ۋالىسى ئابدۇللا ئىبنى ئەمىرغا زور قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنى ھەمدە ئىسلام دىنىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، توپىلاڭچىلارغا قارىتا ئۆتكەن ئىشنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇلارغا يېڭىدىن ئادەم بولۇش يولى بېرىشنى بۇيرۇغان. ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق خۇراساننىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىنى شەرق تەرەپتىكى چېگرا قىلىپ بەلگىلىگەن. دۆلەت چېگرىسى ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بالىخ ۋە توخارىستاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەبىلىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، خەلىپىلىكنى ئۆز ۋەتىنىمىز دەپ ئېتىراپ قىلغان؛ ھىرات، كابۇل، گەخازنى قاتارلىق خوشنا قەبىلىلەرمۇ كەينى-كەينىدىن خەلىپىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشقا باشلىغانلىقى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

شىمالغا يۈرۈش قىلغان قىسىم كاسپى دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى ئەزەربەيجاننىڭ تاغلىق جايلىرىدا تۈرك ۋە كاسار مىللەتلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن.

2. خەلىپە بولۇپ ئىككىنچى يىلى سۈرىيە ۋىزانتىيە قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىغان، خەلىپە خىل قوشۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا ياردەملىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، مۇسۇلمانلار قوشۇنى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى بىر يولىلا تارمار قىلغان ھەمدە شىمالغىچە قوغلاپ بېرىپ، كونستانتىنپولنىڭ ئەتراپىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كىچىك ئاسىيا بىلەن ئارمىنىيىنى خەلىپىلىكنىڭ زېمىنىغا قوشقان ھەمدە غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاباىرستانغا بېرىپ، پارسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قېرىنداش قىسىم بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشقان.

3. سەركەردە ئەمىر ئىبنى ئاسنى قوشۇن باشلاپ، ئالېكساندىر پورتىغا دېڭىزدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋىزانتىيە قوشۇنىنى تارمار قىلىشقا (مىلادىنىڭ 646-يىلى)، شۇنداقلا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مىسىرنىڭ ۋالىسى ئابدۇللا ئىبنى سەئىدگە غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، ۋىزانتىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى كۆچلىرىنى (مىلادىنىڭ 647-يىلى) تازىلاشقا بۇيرۇغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق ترىپولى، بارگا قاتارلىق جايلارنى ۋە ئىفرىگىيە رايونىنىڭ بىر قىسمىنى (پايتەختى كارتاگې) ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئافرىقىدا تارقىلىش دائىرىسى غەرپتىن باشلاپ تاكى ماۋرىتانىيىگىچە يېتىپ بارغان.

4. دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سۈرىيە بىلەن مىسىرنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇشنى قوللىغان ھەمدە ۋىزانتىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى زوراۋانلىق ھەركىتىنى توسقان. سۈرىيە دېڭىز ئارمىيىسى ھىجرىيىنىڭ 28-يىلى (مىلادىنىڭ 649-يىلى) دەسلەپكى قەدەمدە تۈھپە يارىتىپ، سىپرۇس ئارىلىنى ۋىزانتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى دېڭىز ئارمىيىسى كەڭ كۆلەملىك دېڭىز ئۇرۇشى داۋامىدا قورال-ياراقلىرى ياخشى بولغان ۋىزانتىيە پاراخوتچىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىلگىرى-

ئاخىر بولۇپ مالتا تاقىم ئارىلى، كىرىت ئارىلى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بەزى ئاراللاردا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، دوستانە زىيارەت قىلىشقان.

5. قۇرئان كېرىمنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنى بېكىتىپ قايتىدىن بېسىپ، كەڭ تارقىتىشنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلچەملىك نۇسخىغا ماس كەلمەيدىغان، شەخسلەر تۈزگەن بارلىق نۇسخىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى قارار قىلغان. بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خەلىپە داڭلىق ساھابىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، تەپسىلى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەن. بىرىنچى قېتىم 7 پارچە باستۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچى پارچىسى مەدىنىدە قالغان، 6 پارچىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەككىگە، يەمەنگە، سۈرىيىگە، بەھرەئىنغا، بەسرىغا ۋە كۇفەگە ئەۋەتىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلىۋاتقان قۇرئان كېرىمنىڭ ھەممىسىدە ئەينى ۋاقىتتا باستۇرغان ئۆلچەملىك نۇسخىنىڭ ئەسلى تېكىستى ئاساس قىلىنماقتا.

## 3. ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى

ئۆمەر خەلىپە بولغاندىن باشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن، بۇ ئەھۋال، يېڭى زېمىندا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان. ئوسمان خەلىپە بولغان مەزگىلگە كەلگەندە بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تېخىمۇ تېز بولغان. لېكىن يېڭى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەن، ياكى ناھايىتى ئاز چۈشەنگەن، يەنە كېلىپ بۇ كىشىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئۆكتىچىلەرمۇ بولغان. ئۇلار ئوسمان خەلىپە بولغان مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى 4 يىلىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھەرىكەت قىلغان. ئۇلار ئاۋال خەلىپە تەيىنلىگەن ۋالىغا قارشى تۇرغان، كېيىن ئىلگىرىلەپ خەلىپىگە قارشى تۇرغان.

ئۇلار پىتنە-پاسات تارقىتىپ، ئوسماننىڭ خەلىپە بولغانلىقىنىڭ قانۇنىيلىقىدىن گۇمانلانغان، ئۇنىڭ رەسمىي خەلىپە بولۇپ سايلانغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى بولسا ئېغىزغىمۇ ئالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ”شەخسىي مەقسەت ئۈچۈن“ ئۆز يېقىنلىرىنى ۋالىلىققا تەيىنلىدى دەپ ئۇنىڭغا نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلغان؛ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ئىشلىتىشتە ”ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويغان“ بولسىمۇ، لېكىن ”دانىشمەن ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇش“تەك يېتەكچى پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلمىغان، ئۇ ئىشقا قويغان بەسرە ۋە مىسىر ۋالىلىرى دۇنياغا مەشھۇر خىزمەت كۆرسەتكەن، بۇ بۇنىڭ دەلىلى.

ئوسماننىڭ قۇرئان كېرىمنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىغا ماس كەلمىگەن نۇسخىلىرىنى كۆپلەپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئۆكتىچىلەر بىشەملىك بىلەن ئەيىبلىگەن ھەتتا ئۆز پولى بىلەن ئۇرۇق-

تۇققان، دوس-ئاغىنىلىرىگە قىلغان ماددى ياردەملىرى ۋە قىزلىرىغا راستلىغان تويلۇقلىرى ئۇستىدىمۇ ئاقلەي-كۆكلەي دەپ پىتنە-پاسات تارقاتقان. قىسقىسى، ئۇلار ئوسمانغا ئىشەنمىگەن.

ئۆكتىچىلەرنىڭ باشلىقى ئىبنى سابا ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ يەمەنلىك يەھۇدى (ئانىسى نېگىر) ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 30-يىلى (مىلادىنىڭ 651-يىلى) بەسرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەمدە بەسرە ۋالىيسىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىن قوغلاندى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا جايلارغا بېرىپ ھەركەت ئېلىپ بارغان. ئۇ مىسىرنىڭ فوستات شەھىرىنى ھەركەت مەركىزى قىلىپ، بىر قىسىم ئادەملەرنى ئەرەپ قەبىلىلىرىگە (جۈملىدىن كەڭ چارۋىچىلىق رايونى بولغان بەدىئۇلەر قەبىلىسىگە) ئەۋەتىپ، كىشىلەرنى خەلىپە ئوسمانغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە قۇترىتقان.

## 4. بالايى-ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلىرى

ئىبنى سابانىڭ كۇفەدىكى مۇرىتلىرى ئالدى بىلەن توپىلاڭ قوزغىغان ھەمدە خەلىپىنىڭ ۋالىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئوسمان بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ ھەمدە ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ، ئۇ جايلارنىڭ تېخىمۇ چىرىكلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مىلادىنىڭ 655-يىلى توپىلاڭچىلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، كۇفەنىڭ ۋالىسى سەئىد ئىبنى ئاسنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئەبۇ مۇسا ئەشرىلنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويغان. ئەبۇ مۇسا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇۋالغان ۋاقىتتا، مەيداندىكى كىشىلەردىن خەلىپە ئوسمانغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن بۇ شەكىلدىنلا ئىبارەت بولغان؛ ئەمەلىيەتتە، خەلىپە بىلەن قارشىلىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. كۇفەدىن باشقا بەسرە ۋە فوستاتتىمۇ خەلىپىگە قارشى تۇرۇش ئۇستىدە غۇلغۇلا بولغان.

ئوسمان ھەر كۈنى كۇفە، بەسرە ۋە مىسىردىن ۋالىلار ئۇستىدىن يېزىلغان شىكايەتنامىنى تاپشۇرۇۋالغان، دەمەشقتىن بولسا شىكايەتنامىلەر ئاز كەلگەن. بۇ شىكايەتنامىلەردە ھەرقايسى جايلار "ئېچىنىشلىق دۇنيا" قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، ئوسمان مىلادىنىڭ 655-يىلى بىر قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى چاقىرغان. يىغىندا، بەسرە، كۇفە، دەمەشق ۋە فوستاتقا بىردىن ئالاھىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇ جايلاردا شىكايەتنامىدە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش قارار قىلىنغان؛ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئوسمان ئىبنى زەئىد، مۇھەممەت ئىبنى مۇسلىن، ئەممار ئىبنى ياس ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۇقۇرقى جايلارغا بارىدىغان ئالاھىدە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەنگەن، ئۇلاردىن تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن دەرھال مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلىش تەلەپ قىلىنغان. ئالدىنقى ئۈچ كىشى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەلىپىگە

دوكلات قىلىپ، ئۇ يەردىكى ۋالىيلارنىڭ ئۆز خىزمىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى، شىكايەتنامىدە پاش قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. فوستاتتا ئەۋەتىلگەن ئەممار ئۇ يەرگە بېرىپلا ئىبنى سابا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ مۇرىدىغا ئايلىنىپ كېتىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلمىگەن.

ئوسماننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قوللانغان تەدبىرى شۇ يىلى ھەج-تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى ۋالىيلارنى مەدىنىگە يىغىپ، يىغىن ئېچىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى تېچلاندۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ھەرقايسى ۋالىيلار توپىلاڭ چىقىرىشقا قۇتراتقان كىشىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاشنى بىردەك تەشەببۇس قىلغان، ئوسمان بۇنىڭغا قوشۇلمىغان، ئۇ، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى خالىمىغان. بۇ بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولغان، ئەمما، يىغىندا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

ئوسمان يەنە مۇئاۋىيە ئوتتۇرىغا قويغان خەلىپىنىڭ ئۆزى سۇرىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىش ياكى سۇرىيىدىن بىر مۇھاپىزەتچى قوشۇن مەدىنىگە كېلىپ خەلىپىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغان.

## 5. ئوچۇق-ئاشكارا ئىش قىلىدىغان ئوسمان خەلىپىنىڭ بەختكە قارشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى

ھىجرىيىنىڭ 35-يىلى 9-ئايدا (يەنى مىلادىنىڭ 656-يىلى 3-ئايدا) فوستات، بەسرە ۋە كۇفەدىن كەلگەن ئۈچ توپىلاڭچى قوشۇن مەدىنىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ توپلانغان. شەھەر خەلقى ئۆزلۈكىدىن قوراللىنىپ پايتەختنى قوغداپ، ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەن. توپىلاڭچىلار خەلىپىگە بىر پارچە دوكلاتنى يېزىپ، ئۇنى خەلقتىن خەلىپىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، دوكلاتتا، ئەگەر خەلىپە مىسىرنىڭ ۋالىيسى ئابدۇللا ئىبنى سەئىدنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەت ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى قويسا، دەرھال قايتىپ كېتىدىغانلىقى يېزىلغان. ئوسمان ئۇلارنىڭ بۇ ئېغىر شەرتىگە يەنە بىر قېتىم ماقۇل بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ توپىلاڭچىلار قوشۇنى قايتىپ كەتكەن.

كۈتۈلمىگەندە، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچ تەرەپتىن يەنە كەلگەن ھەمدە كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ مەدىنىنى ئىگەللىۋېلىپ، ئۇ يەردە ئۆزى بىلگەننى قىلغان. ئۇلار ئوسمان خەلىپىنىڭ مەسچىتتە ئىمامىلىق قىلىشىغا يول قويمىغان ھەمدە ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ، ئۇنى ياردار قىلغان، جامائەت ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ

بارالمىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا سۇ ھەم دورىمۇ ئاپىرىپ بېرەلمىگەن.

توپىلاڭچىلار: قايتىش يول ئۈستىدە خەلىپىنىڭ ئەلچىسىنىڭ قولىدىن بىر پارچە خەت تېپىۋالدۇق، بۇ خەتكە خەلىپىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئۇنىڭدا ئابدۇللانىڭ ھوقۇقىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكى، بەلكى بىزنى ئېتىۋېتىشى بۇيرۇلغان، مۇشۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدۇق دېيىشكەن.

شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىكىنى دەرھال بىلىۋالغان، چۈنكى (1) ئۈچ قوشۇننىڭ قايتىپ كەتكەن يولى ئوخشاش بولمىغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بىرلا يولدىن تېزلىكتە قايتىپ كەلگەن. (2) بۇنداق بىر ئەلچە دېگەن نىمە بولمىغان، خەتنى ئۇلار پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىققان. توپىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ساختىپەزلىكى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىپ: "بۇ خەت راست ياكى يالغان بولسۇن، ئىشقىلىپ خەلىپە ئورۇن بوشاتمىسا بولمايدۇ" دېگەن.

ئۇلار ئوسمان خەلىپىنى ئورۇن بوشىتىشقا قىستاپ، دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، مەخپى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلگەن. خەلىپىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى شەھەر ئاھالىسى پىدائى مۇھاپىزەتچىلەر بەنى ساقلاۋاتقان (ئەلى تەلخاھ بىلەن زۇبائىرنىڭ ئوغۇللىرىمۇ مۇھاپىزەتچىلەر بەنىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى)، ئۇلار توپىلاڭچىلارنى ھويلىغا كىرگۈزمىگەن. شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭچىلار ھويلىنىڭ ئارقا تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، خەلىپىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، خەتمە قۇرئان قىلىۋاتقان خەلىپە ئوسمانغا خەنجەر سالغان. ئۇنىڭ رەپىقىسى نائىلە ئۇنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ تاشلىغان، بىر خىزمەتچىسىمۇ ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان. ئىشىكنى ساقلاۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەر بەنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرھال كىرىپ قۇتقۇزماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۈلگۈرەلمىگەن. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 35-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى (يەنى مىلادىنىڭ 656-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى) يۈزبەرگەن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، خەلىپە ئوسماننىڭ جەسىدى مەدىنە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى قەۋرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. خىزمەتچىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

خەلىپە ئوسمان ئوچۇق-ئاشكارا ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا قوشقان تۆھپىسى تارىختا مەڭگۈ ساقلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

# پىروفېسسور ماجيەننىڭ جۇڭگو بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە قوشقان تۆھپىسى

ياڭ جيڭۋاڭ

جۇڭگو بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى يېزىش ۋاقتىدا، پىروفېسسور ماجيەننىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە تۆھپىلىرىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

پىروفېسسور ماجيەن پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسلام دىنى ئىلمىنى تەتقىق قىلىش، جۇڭگو بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئەرەپچە تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پىروفېسسور ماجيەن كىچىكىدىنلا ئوقۇشقا ئىرادە باغلىغان بولۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكتىن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بىلىم ئېلىشتا تەلەپچان بولۇپ، ئۆگىنىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى. گەرچە ئۇ ئۆزىنى كەمتەرلىك بىلەن "تۇغما قابىلىيەتسىز" دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن ئىلىم جەھەتتە يۇقىرى مەلۇماتقا ۋە كەسپ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

پىروفېسسور ماجيەن ئۆمرىدە نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ مىسىردىكى ئەزھەر داشۆدە ۋە ئەرەپ تىلى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان چاغلىرىدا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى ئەرەپچە يازدى ھەمدە «مۇھاكىمە ھەم بايان» ۋە جۇڭگونىڭ خەلق چۆچەكلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان «چاي ئىلاھى»، «خېبوينىڭ ئۆيلىنىشى» دېگەنگە ئوخشاش ھېكايىلەرنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىپ، قاھىرەدە نەشر قىلدۇردى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان «ئىسلام پەلسەپىسى»، «ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى»، «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى»، «ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ تارىخى»، «ئاللاتائالانى تەۋھىد ئىلمىنىڭ تىزىسلىرى»، «دىنىي قانۇن تەپسىرلىرى»، «ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەمشىرى»، «ئىسلام كالىندارى تەپسىلاتلىرى»، «ئەرەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئەرەپلەرنىڭ ئومۇمى تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئەرەپچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئۇ مسىردىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1940 ـ يىلى يۇرتى يۈننەننىڭ گېجيۇ شەھىرىدىكى شادىيەن كەنتىدىن يۈننەن ـ بىرما تاشيولى ئارقىلىق شاڭخەيگە بېرىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلار جەمىيىتى قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش كومىتېتىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شۇ چاغدىكى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋۇتېگوڭ ئەپەندى بىلەن لوتىر ئاگىنتلىغىدا خىزمەت قىلىۋاتقان شاشەنيۇ ئەپەندىگە ياردەملىشىپ، قۇرئان كېرىمنى قەدىمقى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرئان كېرىمنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىكار ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، قۇرئان كېرىمنى ئاممىباپ ئەدەبىي تىلغا تەرجىمە قىلىش ئىدى. 14 ئاي ئىرىشىش ئارقىلىق جەمئىي 9 پارىنى تەرجىمە قىلىپ بولدى.

تېچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ شاڭخەيدە تۇرالماي، سودىگەرلەرچە ياسىنىپ، يۈننەنگە قايتىپ كېتىپ، قۇرئان كېرىمنى يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاممىباپ ئەدەبىي تىلدىكى قۇرئان كېرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. 1949 ـ يىلى ئىزاھلىق قۇرئاننىڭ ئالدىنقى 8 پارىسىنى ، يەنى قۇرئان كېرىمنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى 1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋاپات بولغان كۈنگە قەدەر پۈتۈن تەرجىمە نۇسخىسىنى بىرنەچچە قېتىم تۈزەتتى ۋە يۇمشاتتى. ئۇ ۋاپات بولۇپ 2 يىل 8 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1981 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر نەشرىياتى ئۇ تەرجىمە قىلغان قۇرئان كېرىمنى رەسمىي نەشر قىلىپ تارقاتتى.

پىروفېسسور ماجيەننىڭ قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدىكى شارائىتى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئۇنىڭ رەپىقىسى ماسۇنجېن خانىمنىڭ مۇنداق بىر ئەسلىمىسى بار:

"قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇنى ئىزاھلاش زىشى (پىروفېسسور ماجيەننىڭ تەخەللۇسى. — ئاپتوردىن)نىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاساسلىق شۇغۇللانغان بىر ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا جەمىيەت داۋالغۇپ تۇراتتى، تۇرمۇشىمىز قىيىن ئىدى، زىشىنىڭ مۇقىم خىزمىتى يوق ئىدى. بىز مەزگىل مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ تاپقان كىرىمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈردۇق، شارائىت ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كۈنمىڭدىكى ۋاقىتتا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئايروپىلانلىرى دائىم كېلىپ بومباردىمان قىلىپ تۇراتتى، كۈندۈزلىرى ھەر كۈنى دىگۇدەك تارىلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتەتتۇق. مۇشۇنداق خەتەرلىك ـ قىيىن ئەھۋالدا، ئۇ دالىدا تۇرۇپمۇ تەرجىمە ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئايروپىلان كەلسە ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى، ئايروپىلان ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن يەنە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇراتتى. يۇرتى شادىيەن كەنتىدىكى ۋاقىتىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تىلا خىزمەتكە كىرىشىپ كېتەتتى، ئاخشاملىرى پەنەرنىڭ خىرە يورۇغىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى".

پىروفېسسور ماجىيەن نىمە ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىشقا سەرپ قىلالىغانلىقى توغرىسىدا، 1949-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆزى يازغان «قۇرئان كېرىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتىدۇ: ”مۇشۇ قۇرئان كېرىمگە تايىنىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 23 يىل جەريانىدا چېچىلاڭغۇ قۇمغا ئوخشايدىغان ئەرەپ خەلقىنى يىغىپ بىر كۈچلۈك مىللەتكە ئايلاندۇرالىدى، مۇشۇ قۇرئان كېرىمگە تايىنىپ، ئەرەپ مىللىتى يۈز يىل ئىچىدە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت 3 قىتئەدە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇللۇغىدىكى نەچچە مىليون خەلقنى ئازات قىلالىدى. كېيىن ئۇلار شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە گۈللىنىشىگە سەۋەپچى بولدى. ئەرەپ خەلقى ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن كىرگەن مىللەتلەرنىڭ ۋە ئۆز ئەۋلاتلىرىنىڭ قۇرئان كېرىمنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئەرەپلەرنىڭ يېزىق ئىلمىنى، گىراماتىكىسىنى، ئىستىلىستىكىسىنى، ھەدىسشۇناسلىقىنى، شەرىئەت ئىلمىنى، تەرىقەت ئىلمىنى، دىنىي ئەھكامىلارشۇناسلىقىنى ئىجات قىلدى ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىنى ۋە ئەرەپ خەلق قوشاقلىرىنى، رىۋايەتلىرىنى، ھېكايىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى. شۇڭا ئەرەپ يېزىغىدىكى پەن تارماقلىرى بىلەن ئىسلام دىنى پەن تارماقلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان كېرىم مەركەز قىلىنىدى. شۇڭا قۇرئان كېرىم ئەرەپ ئەدەبىياتى تارىخىدا بولسۇن، ياكى ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىدا بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ“.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1949-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى، پىروفېسسور ماجىيەن قۇرئان كېرىمنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە «تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ سۆزى» يېزىپ، قۇرئان كېرىمنى نىمە ئۈچۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ”قۇرئان كېرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 6 خىل بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئېلان قىلىش يەنىلا ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قۇرئان كېرىمنىڭ نۇرغۇن تەپسىرلىرى بولۇپ، توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ دىگەندەك، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىممىتى بار؛ قۇرئان كېرىمنىڭ تۈرلۈك تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ شۇنداق؛ پەقەت ئىزاھلىغۇچىلار ياكى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ قۇرئان كېرىمنى يېتەرلىك چۈشەنمىگەنلىگى، ياكى ئۇنىڭ مەنىسىنى مەقسەتلىك بۇرمىلىغانلىقى، ياكى مەنىسىنى ئەينەن ئىپادىلىيەلمىگەنلىگى سەۋەپلىك كىشىلەر ئۇنى چۈشىنەلمىگەن بولۇشى، ھەتتا خاتا چۈشەنگەن بولۇشى، بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشكە دەخلى يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئەسلىگە سادىق بولۇشقا، ئۇنى چۈشىنىشلىك، راۋان تەرجىمە قىلىشقا تىرىشتىم؛ ئۇنىڭغا ئىزاھ بەرگەن ۋاقتىمدا بىر بىرىنى زورمۇ-زور چېتىپ قويۇشقا، قارىسىغا سۆزلەشكە پېتىنمىدىم. بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئەرەپ تىلىنى ۋە ئىسلام دىنىنى تەتقىق

قىلىدىغان دوستلار ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.“

مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئاشكارا نەشر قىلىنىۋاتقان كىتاپ، گېزىت، ژورناللاردا قۇرئان كېرىمدىن ئېلىنغان ئىستاتىلارنىڭ كۆپىنچىسى پىروفېسسور ماجىيەن تەرجىمە قىلغان نۇسخىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە ھەقىقەتەن ”سادىق بولۇش، چۈشىنىشلىك بولۇش، راۋان بولۇش“دىن ئىبارەت تەرجىمە پىرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشتا تەلەپچان بولۇشتەك خىسلىتى ۋە ئالاھىدىلىگى ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندە بىرنەچچە مىسال ئېلىش ئارقىلىق پىروفېسسور ماجىيەنىنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ باقايلى.

بىرىنچى مىسال:

”ئۇ سېنى يېتىم دەپ، ساڭا پاناھ بەرمىدىمۇ؟ سېنى قايمۇقىقان دەپ، سېنى ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى پېقىر دەپ، كىشىلەردىن بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟“ (93 ـ سۈرە، 6 — 8 ـ ئايەتلەر)

تەرجىمىسىنىڭ كۈچەيتمە تەكىداش بۆلىگى تەكشى، قاپىيىداش بولۇپ، ئەسلى تېكىستىنىڭ مەنىسى ۋە ئاھاڭداشلىغى ئەينەن ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى مىسال:

”ئۇ بىردىشلىك ۋە بىردىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، تەمى ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى.“ (6 ـ سۈرە، 141 ـ ئايەت)

تەرجىمىسى گەرچە تۈزلا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن جۈملىلىرى قاپىيىلىك بولۇپ، ئىنتايىن راۋان تۇيۇلىدۇ.

ئۈچىنچى مىسال:

”كارۋان قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى: ’مەن ھەقىقەتەن يۇسۇپنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان قېرى دىمەيدىغان بولساڭلار، دىدى“ (12 ـ سۈرە،94 ـ ئايەت)

”خوتۇن دىدى: ’ۋىييەي، مەن بىر موماي، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرۇپ تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!‘“ (11 ـ سۈرە، 72 ـ ئايەت)

بۇ ئىككى ئابزاسنىڭ تەرجىمىسى ئېغىز تىلىغا يېقىنلاشقان، بولۇپمۇ ”ئالجىپ قالغان قېرى“، ”بىر موماي“ دىگەن سۆزلەر ياشانغان كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

تۆتىنچى مىسال:

”ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى توپا ئاستىغا تىرىك كۆمەمدۇ؟ دىگەن ئويلارغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى نەقەدەر قەبىھ!“ (16 ـ سۈرە، 58 — 59 ـ ئايەتلەر)

تەرجىمىسىدە "چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ" دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىپ مەنىسىنى ھەم ئىپادىلىگەن، ھەم ئىنتايىن جانلىق چىقارغان.

بەشىنچى مىسال:

"مەن تەھقىق بىلىمەنكى، ئۇلار: 'ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئاددى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ' دېيىشكەن. ئۇلار ياقتۇرىدىغان ئادەمنىڭ تىلى ئەرەپ تىلى ئەمەس، بۇ [قۇرئاننىڭ تىلى] بولسا ساپ ئەرەپ تىلىدۇر." (103 - سۈرە، 16 - ئايەت)

"ئۇلار يۈسۈپنى كۆرۈپ (ھەيرەتتە قالدى) ۋە ئۆز قوللىرىنى كېسىۋالدى. ئۇلار شۇنداق دېدىكى، 'ھەي، ھەي! بۇ ئادەتتىكى ئادەمزات ئەمەس، بەلكى ئىسىل بىر پەرىشتىدۇر'." (31 - سۈرە، 12 - ئايەت)

ئەسلى تېكىستى ئىنتايىن ئاددى، ئەگەر ئەسلى تېكىستى بويىچە تۈزلا تەرجىمە قىلىنسا، گەرچە ئەسلىگە "سادىق" بولدى دېيىلسىمۇ، باشقىلار چۈشىنەلمەيتتى؛ بۇ سۆزلەر ئىسكوپكا ئىچىگە ئېلىنىپ، ئىزاھلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئوقۇپلا چۈشىنىۋالىدۇ، سوئال ۋە ئۇقۇشماسلىق تۇغۇلمايدۇ.

ئالتىنچى مىسال:

"ئۇلار سانجاق - سانجاق بانانلاردىن؛ ئۇزۇن - ئۇزۇن سايىلاردىن، لەپپەك - لەپپەك سۇلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ." (56 - سۈرە، 29 — 31 - ئايەتلەر)

تەرجىمىسىدە "سانجاق - سانجاق"، "ئۇزۇن - ئۇزۇن"، "لەپپەك - لەپپەك" دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، يېزىقنى ئىنتايىن گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن.

يەتتىنچى مىسال:

"ئۆزىنىڭ روھىنى پاك يېتىشتۈرگەنلەر تەھقىق مۇرادىغا يېتۇر؛ ئۆزلىرىنىڭ روھىنى بۇزغانلار تەھقىق مۇرادىغا يەتمەس." (91 - سۈرە، 10 — 9 - ئايەتلەر)

ئوبرازلىق تەرجىمىسىنى ھېكمەت سۆزى تەرىقىسىدىكى ئەسلى تېكىستىگە سېلىشتۇرغاندا، قىلچە چېنىپ قالمايدۇ.

يۇقۇرىدىكى مىساللارنى ئەلۋەتتە تولۇق دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن پىروفېسسور ماجىيەننىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن كىشىلەرنى زوقلاندۇرىدۇ؛ بۇ مىساللار بەلكى مۇۋاپىق ۋە توغرا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ پەقەت توخۇ ئۆزى بىلگەننى چىللايدۇ دېگەندەك، مەنمۇ ئۆز قارىشىمنى دېدىم؛ ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى باشقىلارنىڭ تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تېخىمۇ لىللا خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، 1981 - يىلىدىكى نەشرىگە ئىزاھ بېرىلمىگەن، پىروفېسسور بەي شۇيى يازغان «مۇقەددىمە»دە: "پۈتۈن قۇرئان كېرىمگە ئىزاھ بېرىش خىزمىتى

تېخى ئاياقلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، كىتاپ تۈزۈلمىسىنىڭ بىردەك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ نەشرىگە ئىزاھ بېرىلمىدى“ دېيىلگەن.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلىرى پىروفېسسور ماجيەننىڭ نەشر قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. پىروفېسسور بەي شۇيى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”«مۇشائىرە» دىگەن كىتاۋى (ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ كىتاپنىڭ قولىيازمىسى ئون يىللىق مالىمانچىلىق ئىچىدە يوقاپ كەتكەن) ۋە «ئەرەپ ئەدىبىياتى توغرىسىدا ئومۇمى بايان» دىگەن كىتاۋى تېخى نەشر قىلىنمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى بار، ئۇلارنى توپلاش كېرەك.

پىروفېسسور ماجيەن ئۆز ئۆمرىدە، قۇرئان كېرىمنى قېتىقىنىپ تەرجىمە قىلغاندىن باشقا ئەرەپ مەدىنىيەت تارىخىنىمۇ چوڭقۇر ھەۋەس بىلەن تەتقىق قىلغان. ئۇ 1956 - يىلى يازغان «ئەرەپ مەدىنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدىنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى» دىگەن ئەسىرى («تارىخ ئوقۇتۇشى» دىگەن ژورنالنىڭ 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىسىدۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئەرەپلەرنىڭ ئەدىبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ماتىماتىكا، فىزىكا ۋە خىمىيە، تىبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلىرىنى سىستىمىلىق تونۇشتۇرغان، ئۇ مۇنداق دىگەن: ”ئەرەپ مەدىنىيىتى دۇنيا مەدىنىيەت تارىخىدا ئالدىنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىگە يول ئېچىشتەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرەپلەر شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.“ ئۇ يەنە مۇنداق دىدى: ئەرەپلەرنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىنى ھازىرقى زامان پېنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ”ھېچقانچە گەپ ئەمەس، لېكىن تارىخىي ماتىرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق، ئۇنى ھەقىقەتەن ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەرەپلەر جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى، مەتبەچىلىك تېخنىكىسى، كومپاس، مىلتىق دورىسى ياساش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجادىيەتلىرىنى ۋە ھىندىستاننىڭ شېكەر ۋە پاختىلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كىردى، بۇ مەدىنىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن زور تۆھپە.“


پىروفېسسور ماجيەن مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم، بۇ ماقالىنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆتكەن ئىشلار يەنە كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. كۆپچىلىككە ئايانكى، ھازىرقى بېيجىڭ داشۆنىڭ شەرق تىل - ئەدىبىيات پاكۇلتېتى ياپون، ھىندى، ھىندونېزىيە، چاۋشيەن، بىرما، تايلاند، موڭغۇل، ۋېيتنام پارس، ئوردۇ ۋە ئەرەپ تىلى قاتارلىق 11 تىل بويىچە ئەدىبىيات - تىل مەخسۇس كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 1946 - يىلى بۇ پاكۇلتېت يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغدا، پەقەت ئەرەپچە تىل - ئەدىبىيات كەسپىلا بار ئىدى، پاكۇلتېت مۇدىرى پىروفېسسور جى شيەنلىندىن باشقا، ماجيەن ئەپەندى بۇ كەسپنىڭ بىردىن - بىر پىروفېسسورى ئىدى. 4 يىل جەريانىدا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىزگە ئەرەپ تىلى، ئالى ئەرەپ تىلى، ئىسلام دىنى تارىخى، ئىسلام مائارىپ تارىخى ۋە قۇرئان تەتقىقاتى قاتارلىق 5 خىل دەرسنى ئۆتتى. ماۋجۇشىنىڭ «خەلق دېموكىراتە-

يىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ھامان، پىروفېسسور ماجيەن ئۇنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلدى ۋە ئۆزى بېسىپ بىزگە دەرسلىك قىلىپ تارقىتىپ بەردى.

مەن شەرق تىلى پاكۇلتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا، قۇرئان كەرىمدىكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ھېكايىگە ئاساسەن، «چۈش» دېگەن ھېكايىنى يازغان ئىدىم، ئەسلى ئارگىنالنى ئوقۇتقۇچىم ماجيەن كۆرۈپ بەرگەن ئىدى، ئۇ ئارگىنالدىكى يۈسۈپ دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى تۈزىتىپ، مۇشۇنداق يېزىلسا ئاھاڭى تېخىمۇ توغرا بولىدۇ، دېگەن ئىدى، بۇ ھېكايەم «يۆخۋا ھەپتىلىك گېزىتى»دە بۆلۈپ ئېلان قىلىندى.

پىروفېسسور ماجيەن مېنىڭ ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرغان ھەم ئۆزى ساقلىغان ئەدەبىي ئەسەر «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ ئەرەپچە ئەسلى تېكىستىنى ۋە ئۆزى تەرجىمە قىلىپ بولغان 13 بەت خەنزۇچە قولىيازمىسىنى ماڭا بېرىپ، مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالمىغان ئىدىم. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئەسلى ئەسەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ، قولىيازمىسىنى خاتىرە ئۈچۈن ئۆزەم ئېلىپ قالغان ئىدىم. ھازىر بۇنى كۆرۈپ، پىروفېسسور ماجيەننىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك بولدۇم، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ، ھېسسىياتلىرىم ئۇرغۇدى. دۇرۇس، ھازىر جۇڭگو بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن ئىرادىلىك، بىلىملىك، يارامىلىق ياشلارمۇ بار، ئۇلار بۇ جەھەتتە نەتىجە ياراتتى، بۇ، ئالدىنقىلار ئۈچۈن بىر تەسەللى بولۇپ قالار.

بۇ يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنى پىروفېسسور ماجيەننىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 7 يىل توشقان خاتىرە كۈنى، بۇ كۈنلەردە مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ماقالام بىر خاتىرىلەش ھېسابلىنار.



# مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

خې يەن

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا ئەڭ دەسلەپ كىرگەن ۋاقتى 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى① بولۇپ، ئۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەنلا چەكلەنگەن. شەرق تەرەپتە قەشقەرنىڭ شەرقىغىچە بارغان②. يۈسۈپ قىدىرخان دەۋرىگە كەلگەندە، خوتەن رايونىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغان③. بىراق، مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلى شىنجاڭ كېدانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ چۈچۈلۈ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. ئۇ خوتەن رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمامى ئەلىدىننى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، مۇسۇلمانلارنى كېدانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشقان مەجبۇر قىلغان ھەمدە كېدان ئەسكەرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى نازارەت قىلغان.

چىڭگىزخان شىنجاڭنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دىنلارغا يول قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىش دائىرىسى ۋە كۈچى يەنىلا ناھايىتى چەكلىك بولغان. «مارك پولۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن كىتاپتا يېزىلىشىچە ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان جايلار قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار ئىدى، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان ۋاقتى بولسا مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئىش. ئاجىرىتىلغان بەت چەكلىك بولغاچقا، بۇ ماقالىدا پەقەت مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەشبالىق بىلەن تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى رايوننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى توغرىسىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. بەشبالىق

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايونلار توغرىسىدا (4)» دېگەن كىتاپتا: "بەشبالىق غەربىي رايوندىكى چوڭ بەگلىك ئىدى. ئۇ جەنۇپتا كېرىيىگە، شىمالدا ئويرات قەبىلىسىگە، غەرپتە سەمەرقانتقا، شەرقتە قوچۇ (تۇرپان)غا تۇتىشاتتى"،④ "بۇ دۆلەتنىڭ شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى 3 مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى 2 مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم كېلەتتى"⑤. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى "مۇھەممەت غوزلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئەجداتلىرى مۇشۇ يەرگە ئەمەلدار قىلىپ بېكىتىلگەن"⑥ دېيىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەشبالىق 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، شەرق تەرەپتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان موغۇللار قۇرغان موغۇلستاننى كۆرسىتىدىكەن⑦. بۇ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايون ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جايلارغا كىرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ يەردىكى "ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى باشلىرىغا ئاق لېچەك تارتىۋالغان"⑧ بولۇپ، پۇقرالارنىڭ "كىيىمى خوتۇنلارغا، سۆزى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىكەن"⑨. كۈندىلىك تۇرمۇشتا "هاراق ئىچمەي، سۈتلا ئىستېمال قىلىدىكەن"⑩. ئاياللار بېشىغا ئاق لېچەك تارتىش، هاراق ئىچىشنى مەنئى قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى. ناھايىتى روشەنكى، بەشبالىقتىكى ئاساسىي مىللەت بولغان موڭغۇللار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، سامساغاندىن كېيىن قاراخانىلار سۇلالىسىغا پادىشا بولغان مۇھەممەت بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بولغان، ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا قىزىققان، ھەتتا زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىن يانمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، بەشبالىقتىكى ھەتتا پۈتۈن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ بۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «مىڭ سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرىلەر»دە يېزىلىشىچە، بەشبالىقتىكى قارا خانلار سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمى بولغان. «ئىسلام دىنى قامۇسى»دىمۇ: 15 ـ ئەسىردە، "بەشبالىقتا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئاخىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىسلام دىنى ئالغان" دېيىلگەن.

بەشبالىقتىكى موڭغۇللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن نىكالانغان ھەمدە بارا-بارا شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇڭا پەيدىن-پەي ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

## 2. تۇرپان

14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان كېرىيە بىلەن بەشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ئارىلىغىدا تۇرغان بولۇپ، كۈچى ئاجىز بولغان. كېيىن قوجۇنى ۋە ليۈچېڭنى يۇتۇۋېلىپ، ئاستا-ئاستا كۈچىيىشكە باشلىغان.

ئاتاقلىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان (1343 — 1363-يىللىرى خان بولغان) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى قىدىر خوجا ئۆزى ئەسكەر باشلاپ تۇرپان رايونىغا بېرىپ، "غازات ئۇرۇشى" قىلىپ، قوجۇ بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالغان، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايون مۇسۇلمانلار رايونى دەپ ئاتالغان.⑭

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭزۇ خانىنىڭ يۇڭلې يىلىدا، چېڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى چېن چېڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە: "ئۇچ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئادىتى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى"نى، ئۇلارنىڭ "بەزىلىرى خۇيزۇغا"، "بەزىلىرىنىڭ كىيىمى ئۇيغۇرغا ئوخشايدىغانلىقى"نى، "تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىكەنلىكى"نى، "ئەرلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىۋالىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ بېشىغا ئاق لېچەك تارتىۋالىدىغانلىقى"⑮نى كۆرگەن. "بەزىلىرى خۇيزۇغا ئوخشايدۇ" دېگەندە، مۇسۇلمان بولغانلارنى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى، "كىيىمى ئۇيغۇرغا ئوخشايدۇ" دېگەندە، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگىچە تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە يەنە نۇرغۇن بىنەئەتلەر، ئاساسلىقى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بولغان. چېن چېڭ تۇرپاندىن ئۆتكەندە، يۇقرالار ئىچىدە يەنىلا بەزىلەرنىڭ "بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلىقىنى، بۇتخانىلارنىڭ كۆپلۈگىنى"؛ تۇرپاننىڭ يېنىدىكى يارغول شەھىرىدە "ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلۈگىنى"؛ قوجۇدا بولسا "بۇتخانىلارنىڭ شەھەر قورۇلۇشىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدىغانلىقىنى" كۆرگەن. شۇ يەردە كەڭ تارقالغان "يۈز مىڭ ئارخات بۇتلىرى ياسىنىپ-

تارىنىپ تۇرغان"، "يۇز ملىڭ ئارخات بۇتلىرى نىرۋانا ھالەتتە تۇرغان"[16] دېگەن ئاجايىپ رىۋا- يەتلەر بۇددا دىنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان رايونىدا يەنىلا مەلۇم تەسىرى بارلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي كىتاپلاردىكى نۇرغۇن ماتىرىياللارمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن. يۇڭلېنىڭ 6 - يىلى (1408 - يىلى 5 - ئايدا) "تۇرپان شەھەر راھىبى چىڭ لەي شاگىرتى قاچۇن قاتارلىقلار بىلەن ئوردىغا تارتۇق ئېلىپ كەلگەن. چىڭ لەينى شەيقەتىپەرۋەر ئاقساقال قىلىپ، قاچۇن قاتارلىقلارنى تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرگە دىنىي ئىشلار ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن"[17]؛ يەنە مەسىلەن، شۈەندېنىڭ 4 - يىلى (1429 - يىلى) 5 - ئايدا، مىڭ خاندانلىقى "تۇرپان شەھەر راھىبى ساڭ گو ھەزرەتنى شۇ يەرنىڭ دىنىي ئىشلار ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن"[18]؛ يەنە مەسىلەن، جېڭتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1437 - يىلى) 7 - ئايدا، "تۇرپاننىڭ يەرلىك دىنىي ئاقساقىلى بالىماداش راھىب گې لەينى ئات ۋە تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن"[19]. يۇقۇرىدىكى تارىخىي پاكىتلار، ھېچ بولمىغاندا، 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن، بۇددا دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدا يەنىلا ئاز بولمىغان كۈچى ۋە تەسىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنىڭ شاخلىق خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى گىياتخال - دىن ناچچاسىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 823 - يىلى (مىلادىنىڭ 1420 - يىلى، مىڭ سۇلالىسى چېڭزۇ خانى يۇڭلېنىڭ 18 - يىلى) بۇ يەردىن ئۆتكەندە كۆرگەن ئەھۋاللىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەلچىلەر ئۈرۈمگى تۇرپانغا كېلىپ، "بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسىنىڭ بۇتپەرەسلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق چوڭ بۇتخانىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن بۇتلارنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭى، بەزىلىرى كونا بولۇپ، ئىسرىقدان ئالدىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇتى بارلىقىنى"[20] كۆرگەن.

ئىسلام دىنى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا "غازات ئۇرۇشى" شەكلى بىلەن تۇرپان رايونىغا مەجبۇرى كىرگەندىن كېيىن، 15 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي رايوندا بۇددا دىنىنىڭ بىر چوڭ قورغىنى بولغان تۇرپاندا بۇددا دىنى، گەرچە غەربىي قىسمىدىكى مۇسۇلمان بولغان موڭغۇللارنىڭ قايتا - قايتا زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىدا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئېرىشكەن. 15 - ئەسىرنىڭ 50 — 60 - يىللىرىدا، تۇرپاننىڭ خان جەمەتىدىكى چاغاتاي موڭغۇللىرى مۇسۇلمان بولغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون توغرىسىدا (1)» دە يېزىلىشىچە، چېڭخۇانىڭ 5 - يىلى (1469 - يىلى) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تۇرپاندىكى موڭغۇل پادىشاسى ئەلى "ئۆزىنى 'سۇلتان' دەپ ئاتىغان". 14 - يىلى (1478 - يىلى) "ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن،

ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەت سۇلتان بولغان"㉑. يەنە ملەڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى شۈجىنىڭ تۇرپانغا جازا يۈرۈشى قىلىش خاتىرىسىگە قارىغاندا، خۇڭجىنىڭ 8 - يىلى (1495 - يىلى) 8 - ئايدا، ئەھمەت "تۇرپانغا قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈشكە بارغان". ㉒

يۇقۇرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنداق 3 مەسىلىنى چۈشەندۈردۇ. بىرىنچى، تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئەلىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنى "سۇلتان" دەپ ئاتىغان. ئىككىنچى، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى ئەلىدىن باشلاپ ئىسمىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتكەن. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئەلى، ئەھمەتلەر ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىكى ئاتاقلىق يولباشچىلارنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، دائىم قوللىنىدىغان ئىسمىغا ئايلانغان. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي كىتاپلارغا قارىغاندا، ئەلى، ئەھمەتلەردىن بۇرۇن، تۇرپاننىڭ خان جەمەتى ئىچىدە بىرمۇ ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىنى قوللانمىغان. مەسىلەن، سەيىن تۆمۈر، ھىجلىسا، مەنگە تۆمۈر، بالامال دىگەن ئىسىملار موڭغۇللار كۆپ قوللىنىدىغان تىپىك ئىسىملاردۇر. ئۈچىنچى، ئەھمەت تۇرپانغا بېرىپ، قۇربان ھېيتقا قاتناشقانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۇرپاننىڭ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ خان جەمەتى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىخلاسمەنلىك كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىرقەدەر ئاسانغا چۈشكەن. دىمەك، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 15 - ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپاندىكى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان، يەنە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگەللىگەن.

قىسقىسى، 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىدا مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققى قىلغان، 15 - ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى بۇددا دىنىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى — تۇرپانغا تارقىلىپ، غەربىي رايوندىكى بىردىن - بىر بولغان، ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلانغان.

## ئىزاھلار

① ۋەلىخانوپ ئەسەرلىرى، رۇسچە نەشرى، 2 - توم، 228 — 233 - بەتلەر.

② پاكىر: تاتارلارنىڭ ملەڭ يىللىق تارىخى، 1969 - يىل ئىنگلىزچە قايتا نەشرى، 217 - بەت.

③ ستيىن: قەدىمقى خوتەن (A.Stein: Ancient Khotan) 1907 - يىلى ئوكسفورد ئىنگلىزچە نەشرى، 1939 - يىل بېيجىڭ فوتو باسمىسى.

④㉑ «ملەڭ سۇلالىسى تارىخى»، غەربىي رايون تەزكىرىسى.

⑤⑨ (ملك سۇلالىسى)، ياڭ يىكۋي: «يىراقتا سەپەر»، 8 ـ جىلد، غەربىي شىمال چېگرىسى. ئىلىبالىق توغرىسىدا.

⑥⑧⑪⑮⑯ (ملك سۇلالىسى) چېن چېڭ: «غەربىي رايوندىكى بەگلىكلەر تەزكىرىسى»، بېيپىڭ كىتاپخانىسىدىكى قولىيازما ئەسەرلەر مەجمۇئەسى نەشرى.

⑦ (سوۋېت ئىتتىپاقى) بارتولد (V . V Barthold): بارتولد ئەسەرلىرى، 2 ـ توم، 1 ـ كىتاپ، 80 ـ بەت. يەنە مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 1972 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 365 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑭ «تارىخىي رەشىدى»، 52 ــ 58 ـ بەتلەر.

⑫ ملك سۇلالىسى تەيزۇڭ خانى ھەققىدە خاتىرىلەر، 47 ـ جىلد، يۇڭلېنىڭ 4 ـ يىلى 11 ـ ئاي 9 ـ بۇرج.

⑬ ملك سۇلالىسى شۇەنزۇڭ خانى ھەققىدە خاتىرىلەر، 24 جىلد، شۇەندېنىڭ 2 ـ يىلى 1 ـ ئاي 5 ـ بۇرج.

⑰ ملك سۇلالىسى تەيزۇڭ خانى ھەققىدە خاتىرىلەر، 56 ـ جىلد، يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى 5 ـ ئاي 8 ـ بۇرج.

⑱ ملك سۇلالىسى شۇەنزۇڭ خانى ھەققىدە خاتىرىلەر، 54 ـ جىلد، شۇەندېنىڭ 4 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ بۇرج.

⑲ ملك سۇلالىسى يىڭزۇڭ خانى ھەققىدە خاتىرىلەر، 32 ـ جىلد، جېڭتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 7 ـ ئاي 4 ـ بۇرج.

⑳ خوجا گىياتىخالدىن: شاخلۇق خانلىغىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىش خاتىرىسى. جۇڭخۇا كىتاپ ئىدارىسى 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉒ (ملك سۇلالىسى) شۇجىن: «تۇۋبىتلارنى تىنچىتىشنىڭ جەريانى»، 2 ـ توم، خاتىرىلەر توپلىمى.

# جوڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشىنىڭ ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى تاجاۋۇزچىلىغىغا زەربە بەرگەنلىگىگە 6 يىل توشقانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن رادىيو نۇتقى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

قەدىرلىك ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!


قەھرىمان ئافغانىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىغىغا زەربە بېرىۋاتقىنىغا 6 يىل بولدى. مەن جوڭگو ئىسلام جەمىيىتى ۋە جوڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن، قەيسەرلىك بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇۋاتقان ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن، شۇنىڭدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى تاجاۋۇزچىلىغىغا قارشى تۇرۇش جېڭىدە تېخىمۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارغا ئاللانىڭ مەدەت بېرىشىنى تىلەيمەن.

1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ، خەلقارا مۇناسىۋەت مىزانىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، قوشۇن ئەۋەتىپ ئافغانىستاننىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ھەمدە ئەڭ ۋەھشى بولغان قىرغۇچ قوراللارنى ئىشقا سېلىپ، ئافغانىستان خەلقىنى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا ئىنتايىن مۈشكۈل كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "(دۈشمەننىڭ) زۇلمىغا ئۇچرىغانلىغى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى." (22 - سۈرە، 39 - ئايەت) سىلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشڭلار تامامەن ھەققانى كۈرەش.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى تاجاۋۇزچىلىغى ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىنتايىن ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈردى، نەچچە مىليون ئافغانىستان خەلقى ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرت ۋە چەتئەللەرگە بېرىپ، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىقتا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نائىلاج سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى دىگۈدەك ئاياللار ۋە باللار. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىس-

تائىغا ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئادالەتسىز ھەركەتكە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى قاتتىق نەپرەتلىنىپ كەلدى.

قەدىرلىك ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار: جۇڭگو ئافغانىستاننىڭ دوستانە خوشنىسى، ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك چوڭقۇر دوستلۇققا ئىگە. جۇڭگو خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى سىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچىلىرىنى زېمىنىڭلار-دىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر قەتئىي قوللايدۇ. قۇرئان كېرىمدە: "تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار..." (2-سۈرە، 193-ئايەت) دېيىلگەن.



تەيبېي شەھىرىگە جايلاشقان تەيۇەن بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت

(سۈرەتنى شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئەۋەتكەن)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى سىلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىڭلارغا 6 يىل بولغان كۈنلەردە ئادالەتنى قوۋۋەتلەيدىغان پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى شەرتسىز ھالدا تېزدىن ئافغانىستاندىن چېكىندۈرۈپ چىكىتىشكە مەجبۇرلاپ، ئىسلام دۆلىتى بولغان ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشىغا، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئافغانىستان مۇساپىرلىرىنىڭ يۇرتىغا تېچ-ئامان قايتىپ كېلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلگىرىكىدەكلا كۈچلۈك تۈردە ياردەم بېرىش ھەققىدە مۇراجەت قىلىدۇ.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، ئافغانىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشتە جەزمەن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. "ئى مۆمىنلار! ئاللاغا مەدەت بەرسەڭلار ئۇمۇ سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ ھەمدە سىلەرنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرىدىغان قىلىدۇ." (47-سۈرە، 7-ئايەت)

ئاللاتائالانىڭ سىلەرگە مەدەت بېرىشىنى تىلەيمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ غەلىبىسى چوقۇم قەھرىمان ئافغانىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ!

1985-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى.

# جايلاردىكى مەسچىتلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر

## لىنتەن ناھىيىسىدىكى كونا شەھەر شاڭسى مەسچىدى قايتىدىن ياسىلىپ پۈتتى

قەدىمقى زاماندا لىنتەن تاۋجۇ دەپ ئاتىلاتتى، كونا شەھەر قەدىمىي قەلئە دەپ ئاتىلاتتى، بۇ يەر ئۇزاقتىن بۇيان، خەنزۇ، خۇيزۇ، زاڭزۇ ۋە چياڭزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مال ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم جايى بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسى بويىچە مۇھىم سودا بازارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شاڭسى مەسچىدى شۇ جايدىكى 5 مەسچىت ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ۋە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مەسچىت بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدا سېلىنغان. بۇ قېتىم ئۇنى قايتىدىن سېلىش قۇرۇلۇشى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ، 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پۈتۈنلەي تاماملاندى. بۇ مەسچىتنىڭ كۆلىمى 2 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق، خانىقاسىنىڭ كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق، ئۇ نەپىس لايىھىلەنگەن ۋە ئۆزگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئالدى لەمپىسى ئەرەپ مەسچىتلىرى شەكلىدە ياسىلىپ، ئوتتۇرىسىدا چوڭ گۈمبەز، 2 تەرىپىدە كىچىك گۈمبەز بولۇپ، ئۈستىگە گۆھەر لۈڭقا، ھىلال ئاي ئورنىتىلغان، ئۇ قۇياش نۇرى ئاستىدا چاقناپ تۇرىدۇ. خانىقاسى جۇڭگونىڭ قەدىمقى ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگوچە ئۇسلۇپ بىلەن ئەرەپچە ئۇسلۇپ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

شاڭسى مەسچىدى قايتا سېلىنغاندىن كېيىن، كۆندە مۇسۇلمانلار ئۇزۇلمەي نامازغا كېلىپ تۇردى، ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ماختاشتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ما تىڭيى)

## جىنلىڭجېن بازىرى مەسچىدى رېمونت قىلىنىپ پۈتتى

بۇ يىلقى روزا ھېيت شەندۇڭ ئۆلكىسى زىبو شەھىرى جىنلىڭجېن بازىرىدىكى كەڭ خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئىنتايىن خوشال بولغان كۈن بولدى. شۇ كۈنى مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا پانۇس

ۋە شەلپەرلەر ئېسىلىپ، مەسچىت ھېيت - بايرامغا خاس كەيپىيات بىلەن تولدى، مەسچىتنىڭ رېمونت قىلىپ پۈتتۈش مۇراسىمى زور! ھېيت نامىزى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى سىرلىق كاھىشلار كۈن نۇرىدا پاقىراپ تۇراتتى، 500 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان خوشال - خوراملىق بىلەن تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇدى.

جىنلىڭجېن بازىرى مەسچىدى مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇا يىللىرىدا سېلىنغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى كاڭشى يىللىرىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئەسلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىڭ 380 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، خانىقا، ئاي كۆرۈش راۋىقى، ساراي، ئىككى ياقتا ھوجرىلار، دەرسخانا ۋە سەرراپ قاتارلىقلار بار ئىدى. 1984 - يىل ئەتىيازدا، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 70 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 150 مىڭ يۈەن پۇل توپلىشى بىلەن، تەكلىپكە بىنائەن جۇفۇ ناھىيىسى قەدىمقى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىدى رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇش پۈتتى، ئۇنىڭدا ھەم ئەسلىدىكى مىللى ئۇسلۇپ ساقلاپ قېلىندى، ھەم ئۇ لايىغىدا ئىسلاھ قىلىندى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. خانىقاسىنىڭ ئىچىدە 5 چوڭ تۈۋرۈك بولۇپ، 3 زالغا ئايرىلىدۇ، ئۇزۇنىسىغا كەڭلىگى 30 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا تام چىرىغى، ئاسما چىراق ۋە ئاسما شامالدۇرغۇچلار ئورنىتىلدى، خانىقاسىنىڭ ئىشىگىنىڭ بېشىغا ”ئەلمىساقتىن تارتىپ بىردىن - بىر ھەق دىن“ دىگەن بېغىشلىما ئېسىلغان. ئۆگزىسىگە ئالتۇن رەڭلىك سىرلىق كاھىشلار ياتقۇزۇلغان. ئاتاقلىق خەتتات جاڭ شۇنسەن، خېي بولۇڭ ۋە ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ چيۇنلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ”ئاي كۆرۈش راۋىقى“، ”مەسچىت“ ۋە ”ھەققانىيەت يولى“ دىگەن بېغىشلىمىلارنى يېزىپ بەردى.

پۈتتۈش مۇراسىمى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قېرىلارنى يۆلەپ، باللارنى يېتىلەپ مەسچىتنى كۆرۈشكە كەلدى، بەزىلىرى خانىقا ۋە ئاي كۆرۈش راۋىقى ئالدىدا خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. ھەممەيلەن: ” پارتىيىنىڭ مىللى ۋە دىنىي سىياسەتلىرى نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشاش قەلبىمىزنى ئىللىتتى!“ دىيىشتى.

(ياڭ خاۋيى)

## بېيجىڭ شەھىرى نەندۇيا مەسچىدى رېمونت قىلىنىپ ئېچىۋېتىلدى

بېيجىڭ شەھىرى دۇڭچېڭ رايونىدىكى نەندۇيا مەسچىدى چاۋياڭمېن دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان، 1958 - يىلى تاقىۋېتىلگەن. بۇ مەسچىت بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رېمونت قىلىنىپ، يېڭىۋاشتىن ئېچىۋېتىلدى. شۇ كۈنى، شۇ جايدىكى 100 نەچچە خۇيزۇ يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، خوشاللىق بىلەن مەسچىتكە كېلىپ، تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇلتۇر 11 - ئايدا، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فېڭ مىڭ نەندۇيا مەسچىدىگە كېلىپ، شۇ يەردە ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ دىنىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى،

مەسچىتنىڭ ئۆي - جايلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئورۇنلارنىڭ مەسچىتنىڭ ئۆي - جايلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئورۇنلارنىڭ ئۆي - جايلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش خىزمىتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. يىغىندىن كېيىن ھەرقايسى ئورۇنلار ئىگەللىۋالغان ئۆي - جايلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قايتۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەسچىتنى رېمونت قىلىش ئىشىمۇ دەرھال باشلىنىپ، شۇ جايدىكى خۇيزۇلارنىڭ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەسچىتتە روزا ھېيتنى ئۆتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

(جيا شۈيۈەن)

## شاڭخەي شەھىرىدىكى جىڭشىڭلۇ كوچىسى مەسچىدى ئېچىۋېتىلدى

شاڭخەي شەھىرى خۇدۇڭ رايونىدىكى جىڭشىڭلۇ كوچىسى مەسچىدى 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا مەكتەپ قىلىنغان ئىدى، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپنى كۆچۈرۈپ كېتىپ، مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى، رېمونت قىلىش ئىشى بۇ يىل 6 - ئايدا پۈتۈنلەي ئاياقلاشتى. بۇ مەسچىتتە ھازىر خانىقا، دەرسخانا، ئىمام ئىشخانىسى، سەرراپ ۋە ئىشخانا قاتارلىق 100 كۋادىرات مېتىرچە كېلىدىغان ئۆي - ئىمارەت بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى كۆلەمدىن بىر ئاز كېڭەيگەن. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مەسچىتنى ئېچىۋېتىش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا شەھەر ۋە رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

جىڭشىڭلۇ كوچىسى مەسچىدى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ پۇدۇڭ مەسچىدىمۇ رېمونت قىلىنىپ پۈتتى. ھازىرغا قەدەر شاڭخەي شەھىرىدە ئەسلىدە بار بولغان شياۋتاۋيۈەن مەسچىدى، فۇيۇلۇ مەسچىدى ۋە ياۋشۈيلۇڭ مەسچىدى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 5 مەسچىت ئېچىۋېتىلدى.

(جۇ يەنلىڭ)

## چيەنفېڭ مەسچىدى رېمونت قىلىنىپ يېڭى تۇسكە كىردى

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، رېمونت قىلىنىپ يېڭى تۇسكە كىرگەن سىچۈەن ئۆلكىسى ماۋۋېن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى چيەنفېڭ مەسچىدىدە بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن 450 نەچچە مۇسۇلمان جەم بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ماۋۋېن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئابا زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ماۋۋېن ناھىيىلىك

ھۆكۈمەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چيەنفېڭ مەسچىدى قاتارلىق 4 مەسچىتكە 7 مىڭ 350 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ھازىر بۇ 4 مەسچىتنىڭ رېمونت قىلىش ئىشلىرى ئاساسەن تاماملىنىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 1 مىڭ 700 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولدى. چيەنفېڭ مەسچىدى 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت رېمونت قىلىنىش ئارقىلىق، خانىقا، سەرراپ ۋە ئىككى ياقتا ھۆجرىلەر سېلىندى. كەڭ مۇسۇلمانلار رېمونت قىلىنىپ يېڭى تۈسكە كىرگەن مەسچىتنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

(جاڭ جاۋچۈەن)

## ماپو مەسچىدى قايتىدىن ياسىلىپ پۈتتى

گۈيجۇ ئۆلكىسى ۋېينىڭ يىزۇ-خۇيزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شەھەر رايونىغا جايلاشقان ماپو مەسچىدى گۈيجۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 120 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن، 1984-يىل 6-ئايدا رېمونت قىلىنىشقا باشلاپ، 1985-يىل 2-ئايدا پۈتتى. خانىقاسىنىڭ ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك سىرلىق كاھىش ياتقۇزۇلدى، ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن ۋە ئىچىگە خىلمۇ-خىل چىراقلار ئورنىتىلغان بولۇپ، تىپىك قەدىمىي جۇڭگوچە قۇرۇلۇش تۈسىگە كىردى. خانىقانىڭ ئالدىغا 4 قەۋەتلىك يېڭىچە بىنا سېلىنىغان، گۈمبىزى يېشىل بولۇپ، ئىسلام دىنىغا خاس قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە (سۈرەتكە قارالسۇن). مەسچىت رېمونت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى خۇيزۇلار بىر بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاشتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خۇيزۇ خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا بىر ئېغىزدىن تەشەككۈر بىلدۈردى.

(ما مىڭسۇڭ)

## يىلەن مەسچىدى رېمونت قىلىنىپ پۈتتى

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى يىلەن ناھىيىسىدىكى مەسچىتنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، خانىقاسىنىڭ كۆلىمى 220 كۋادرات مېتىر كېلەتتى، ھويلىسىدا قەدىمىي ئارچا دەرەخلىرى قەد كۆتىرىپ تۇراتتى، مەسچىتنىڭ بىنالىرى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. 1984-يىلى دۆلەت 70 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بۇ مەسچىتنى خاربىن شەھەرلىك قەدىمىي بىناكارلىق ئەترىتىگە رېمونت قىلدۇردى، 1985-يىل 7-ئايغا كەلگەندە، رېمونت قىلىش ئىشلىرى تاماملاندى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەسچىت يېڭى تۈسكە كىرىپ، ئۆيلىرىنىڭ ئىچىگە پار تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى، سەرراپ ئىچىگە توك بىلەن سۇ ئىسسىتىش ئەسۋابى ئورنىتىلدى، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار ئىنتايىن خۇشال بولدى.

(ۋاڭ ۋېنجېن)

# نىڭشيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىندى

ياڭ جىبو

9-ئاينىڭ 16-كۈنى، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي شەھەر يىنچۈەن بايراملىق كەيپىياتقا تولدى، نىڭشيا مۇسۇلمانلىرى خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە، نىڭشيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىنىدىغان خاسىيەتلىك كۈننى كۈتۈۋالدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلايمان. جاڭ بىڭدو مەخسۇس بېيجىڭدىن نىڭشياغا بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىنغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

نىڭشيادا بىر مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق جايلارنىڭ بىرى، ئېلىمىزدىكى بىردىن-بىر ئۆلكە دەرىجىلىك خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، نىڭشيا تارىختا يىپەك يولى ئۆتەڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەرەپ دۇنياسى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەرەپ دۆلەتلىرى ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ياش مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يىنچۈەن شەھىرىدە ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى، ئۇ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ئورگان بولۇپ قالىدۇ، ئىسلام دىنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، ئېلىمىزدىكى بىرىنچى بولۇپ قۇرۇلغان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى مەسچىت، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى، ئىسلام كۇتۇپخانىسى، خۇيزۇ، مۇسۇلمانلار مۇزېيى، ئىسلام

تەتقىقات ئۇيۇشمىسى ۋە يىغىن زالى، مۇسۇلمانلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش ئورگىنى ۋە بىر مۇسۇلمانلار دوختۇرخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى 13.5 گېكتار يەرنى ئىگەللىگەن بولۇپ، قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئۇل سېلىش مۇراسىمى يىنچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەردە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن مەيدانى ھەيۋەتلىك قىلىپ بېزەلگەن بولۇپ، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىنچۈەن نەنگۈەن مەسچىتىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يىغىن بەلگىسى، ئۈستىگە خەنزۇ، ئەرەپ، ئىنگلىز تىللىرىدا يېزىلغان "نىڭشيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى" دېگەن يېشىل پلاكات ئېسىلغان. سەھنىنىڭ ئالدىغا خەنزۇچە، ئەرەپچە خەت ئويۇلغان ئۇل سېلىش تېشى قويۇلغان. ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا مىللى كىيىملەرنى كىيگەن نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ۋە قوللىرىدا گۈل تۇتقان خۇيزۇ ياش-ئۆسمۈرلەر قاتناشتى، قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلىش ئاۋازى ئاسمان بوشلۇقىنى ياڭرىتىۋەتتى.


چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى باشلاندى، مۇراسىمدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاجى ھۇسەيىن. خېي بولى ۋە جۈڭگو مۇسۇلمانلىرى-




نىڭشيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە.

نىڭ قەدىناس دوستى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتى-
پاقى باش كاتىۋىنىڭ ۋەكىلى، ئىسلام دۇنياسى
ئىتتىپاقى ئاسىيا ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ
باش كاتىۋى مۇھەممەت جىما ئەپەندى ئىل-
گىرى-كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى، مېھمان
بىلەن ساھىپخان جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇسۇل-
مانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئەسلەپ،
يېڭى يېپەك يولىغا بىرلىكتە كۆۋرۈك سېلىشنى
خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، جىما
ئەپەندى قايناپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن
قىلغان سۆزىدە ئاللاتائالادىن ئىنگشيا مۇسۇل-
مانلىرىغا ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت
ئاتا قىلىشنى، ئىسلام مەدىنىيەت مەركىزىنىڭ
1990-يىلىدىن بۇرۇن پۈتۈشىنى تىلىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن، رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغان
ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ خۇيزۇ رەھبەرلىرى،
خەلقارا ئىسلام ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكار-
لىق پۈتۈشۈش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
ئىنگشياغا كەلگەن 20 گە يېقىن مۇسۇلمان باش
ئەلچىلەر ۋە دىپلوماتىيە خادىملىرى ھەم يىراق-
تىن كەلگەن چەتئەللىك مۇسۇلمان مېھمانلار
ئىسلام مەدىنىيەت مەركىزىنىڭ ئۇلى سېلىن-
غانلىقىغا لىنتا كەستى، ئۇنىڭغا تۇپا يۆلىدى،
نەچچە يۈزلىگەن ئۆسمۈر بالىلار قوللىرىدا
گۈل ئوينىتىپ، ”سالام“ دەپ ئۈنلۈك توۋ-
لاشتى، ئىنگشيا ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىكى
ئاخۇن يېتىشتۈرۈش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار
سەپكە تىزىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ھۆرمەت
ھېسسىياتى بىلەن قىرائەت قىلدى. پەيغەم-
بەرئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ مەرسىيە ئوقۇدى،
شۇنىڭ بىلەن، ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئەۋجىگە
كۆتىرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگولۇق ۋە
چەتئەللىك مۇسۇلمانلار ئۇل سېلىش تېشى-
نىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىپ خاتىرە قالدۇردى
ھەمدە جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ
دوستلۇقىنىڭ قارىغايغا ئوخشاش مەڭگۈ ياش-
ناپ تۇرۇشىنى تىلىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يامغۇر يېغىپ
قارىغايلارنى ياشارتىۋەتتى، يۇمران كۆچەتلەر
گويا ئىسلام مەدىنىيەت مەركىزى قەد كۆتى-
رىپ دەس تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈندى، بۇ
ئىنگشيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.



# جايلاردىكى ئىسلام جەمئيىتى خىزمىتىگە دائىر قىسقىچە خەۋەرلەر

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دائىمى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئيىتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دائىمى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى، شۇنىڭدەك «مەسچىتنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەن سۆيۈش ئەھدىنامىسى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا نەتىجە قازانغان ھەم پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ بېيىغان ئىلغار كوللېكتىپنىڭ ۋەكىللىرى ۋە شەخسلەر بولۇپ 100 چە ئادەم قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئىسلام جەمئيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئيىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا دامۇللانىڭ بىر يىللىق خىزمەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا بەرگەن دوكلادىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتىمىن توختى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ ۋېنخېڭ بەرگەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ھەرقايسى مەسچىت جامائەتلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ

سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتىلىپاق بولۇش، ئالغا ئىلگىرىلەش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەم تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارغا ۋە كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا چىقىرىلغان تەشەببۇسنامە ماقۇللاندى.

يىغىن مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا قاتناشقانلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

(سۇ شېڭجى)

## خۇيخې خانىزۇ ـ يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

يۈننەن ئۆلكىسى خۇيخې خانىزۇ ـ يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1985 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئوبلاستنىڭ مەركىزى گېجيۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئوبلاست بويىچە 69 مەسچىتتىن كەلگەن 86 نەپەر ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار يىغىنغا قاتناشتى. يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ناگوشىياڭ ھاجىم كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى جاڭ زىربىن ئاخۇنۇم يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

يىغىندا «خۇيخې ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «خۇيخې ئوبلاستلىق 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارى» ماقۇللاندى. جاڭ زىربىن مۇدىرلىققا، ماسەيجۇڭ، ماجەنلىن ۋە ما چاڭخۇيلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ماجەنلىن باش كاتىپلىققا سايلاندى، 28 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 10 نەپەر دائىمى ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى.

(ۋاڭ گوخۇڭ)

## فېڭچىڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى

يۈننەن ئۆلكىسى فېڭچىڭ ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1985 ـ يىل

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. شەھەر رايونى، يېڭىپەن رايونى ۋە خاۋزىبا رايونىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەم ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر بولۇپ 47 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن ياڭ زۇتىڭنىڭ تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن دوكلادىنى ئاڭلىدى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى، يىغىننىڭ قارارىنى ماقۇللىدى، ياڭ زۇتىڭ مۇدىر، ماتيەنسەي ۋە جاڭ جىنچېن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنى سايلاپ چىقتى.

(ئىبنى. يەھيا)

## خۇەيىين شەھىرىدە خەلپىلەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى

جياڭسۇ ئۆلكىسى خۇەيىين شەھىرى خەلپىلەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خۇەيىين ناھىيىسىدىكى ۋاڭيىڭ مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

خۇەيىين شەھىرى جياڭسۇ ئۆلكىسى بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەر تارقاق ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال كۆپ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 7 مەسچىت رېمونت قىلىنىپ ئېچىۋېتىلدى، لېكىن دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ كەلگەن كەسپىي خادىملارنىڭ تولىسى ياشىنىپ قېلىپ، ئىزباسارلىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە پېشقەدەم ئاخۇنۇم گې ۋېيلى قاتارلىقلار بۇ قارارلىق خەلپىلەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئاچتى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ھەرقايسى ناھىيە ۋە رايونلاردىن كەلگەن 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۆز قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3 نەپىرى ليەنشۈيگاڭ، يەنچېڭ ۋە ياڭجۇ شەھەرلىرىدىن كەلگەن.

(لى چۇڭگۇاڭ)

## چاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى خەلپىلەرنى يېتىشتۈردى

جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى گاۋيۇ ناھىيىسى ئۈچۈن 3 نەپەر خەلپە يېتىشتۈرۈپ بەردى، ئۇلارغا چاڭجۇ شەھەر مەسچىتىدىكى ئىمام جاۋ خۇايىۋ دەرس ئۆتتى. 7 -

ئاينىڭ 20-كۈنى ئوقۇش باشلاش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇغۇچىلار بىر يىل ئىچىدە قۇرئان كېرىمنىڭ ئاساسلىق سۈرە، ئايەتلىرى ھەم ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساسلىق بىلىملەر ۋە باشقىلارنى ئۆگىنىدۇ. (شا جېندې)

* * *

خۇنەن ئۆلكىسىدە: ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، 1985-يىل 5-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە، چاڭشا شەھىرىدە خۇنەن ئۆلكىلىك 1-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 54 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا خۇنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى.

يىغىندا كېڭەشىش ئارقىلىق ما شاۋچېڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، خۋاڭ چېڭجى، لى خەنيۈنلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى ھەمدە تەكلىپكە ئاساسەن خەي جىنشياڭ، ۋە ما داۋمېيلەر پەخرى مۇدىر بولدى. (شيابى)

شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىدە: 1985-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە 1-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى. يىغىندا قارىخان ھاجى ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ھامۇت ئايۇپ، قاسىم قارى ھاجى، سەلەي داموللا، نەجمىدىن مىرزاملار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. جەمىيەت ھەيئەت ئەزالىرى 17 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىدە: شيەنياڭ شەھىرىدە 1-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1984-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى چاقىرىلىپ 3 كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 60 ۋەكىل قاتناشتى. 15-كۈنى ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە ليۇ شۈلىن ئاخۇنۇم مۇدىرلىققا، مەي زىچى ئاخۇنۇم مۇئاۋىن مۇدىر ۋە قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(سۈن يۇداۋ)

گۇاڭشى ئۆلكىسى گۈيلىن شەھىرىدە: 1-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1985-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە چۇڭشەن كوچىسىدىكى مەسچىتتە چاقىرىلدى؛ يىغىنغا 49 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى. مۇدىر لى جېنمىن، مۇئاۋىن مۇدىر دىڭ مىڭدۇڭ قاتارلىق 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان دائىمى كومىتېت سايلاندى.

(گۇمۇ)

سچۇەن ئۆلكسى سۇڭپەن ناھىيسىدە: ناھىيلىك ئىسلام جەمىيتى 1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئېچىلغان 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا قۇرۇلدى. يىغىنغا 33 ۋەكىل قاتناشتى، 4 كىشى تەكلىپكە ئاساسەن قاتناشتى. ناھىيلىك ئىسلام جەمىيتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 13 كىشىدىن تەركىپ تاپتى، ما بولى مۇدىر، ما شېڭجۈن، ما شاۋلۇلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

(ئەلى مىجات)

لياۋنىڭ ئۆلكسى تيېلىڭ شەھرىدە: 1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ ۋە 19 ـ كۈنلىرى لۇگىشەن مېھمانخانىسىدا ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا شەھەر بويىچە 9 ناھىيە ۋە رايوندىن 41 ۋەكىل قاتناشتى. خا يۇنشياڭ مۇدىر، ليۇ زىجېن، خې فېڭشياڭلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى، جەمىيەت ئورنى يىنجۇ رايونى مەسچىتىدە بولدى.

(تيې يى)

يۈننەن ئۆلكسى ۋېيشەن يىزۇ ـ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيسىدە: 1985 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 — 4 ـ كۈنلىرى 2 ـ قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، 22 مەسچىتتىن 81 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، ما يۇنسۇڭ پەخرى مۇدىر، ما يۈچۈەن ئاخۇنۇم مۇدىر بولغان 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى.

(خۇ تيەنجاۋ)

كۆكخوتتا: كۆكخوت شەھەرلىك ئىسلام جەمىيتى 1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە كۆكخوت مەسچىتىدە 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا ئىسلام جەمىيتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللىردىن بولۇپ 81 كىشى قاتناشتى. شەھەرلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى دىنىي جەمىيەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى. يىغىندا مۇئاۋىن مۇدىر، دائىمى ھەيئەت ئەزاسى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى تولۇقلاپ سايلاندى.

(بەي خۇيجۇڭ)

لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە: 1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى شېنياڭ شەھىرىدە چاقىرىلدى. يىغىندا لى خۇگشى مۇدىر، بەي يۇنشىڭ، ياڭ گۇەنيىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان يېڭى كومىتېتنى سايلاپ چىقتى. ئۆلكىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

(خۇاڭ گۇيشيەن قاتارلىقلار)

# ۋۇ باۋجېن، سۇدۇنلىلار پاكىستاندا چاقىرىلغان ئىسلام ئىلىم مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى

پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ھەمدات فوند جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ باۋجېن ئاخۇنۇم بىلەن ئوقۇتقۇچى سۇ دۇنلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، 1985-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئاباددا چاقىرىلغان خەلقارا "مۆۋلۇت" خاتىرە يىغىنى ۋە 3-نۆۋەتلىك قۇرئان كەرىم مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

خەلقارا قۇرئان كەرىم مۇھاكىمە يىغىنى 11-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە راۋالپىندى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پاكىستان خەيرى-ساخاۋەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھاجىم مۇھەممەت سەئىد رىياسەتچىلىك قىلدى، زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭ يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

خەلقارا "مۆۋلۇت" يىغىنى 26-كۈنى دۆلەت كېڭىشى سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبرەتلىك سۆز ۋە ئېسىل خىسلەتلىرىنى مىسال كەلتۈردى ھەمدە يىغىنغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى تارقىتىش ھەققىدە 5 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، كەچتە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، "مۆۋلۇت" يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى مەملىكەتنىڭ ئۆلىمالىرىنى كۈتۈۋالدى. يىغىن 3 كۈن داۋام قىلدى.

ئېلىمىزنىڭ مۇسۇلمان ۋەكىلى سۇدۇنلى "مۆۋلۇت" يىغىنىدا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياد ئېتىشى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئېلىمىز ۋەكىللىرى يىغىنغا ۋە چەتئەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىغا مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر ئەرەبچە ياكى خەنزۇچە قۇرئان كەرىم ۋە كىتابلارنى سوۋغا قىلدى. ئېلىمىز ۋەكىللىرىنىڭ نۇتقى ۋە مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان كىتابلار ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئوبدان باھاسىغا ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. بەزى ئۆلىمالار: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز دىنىغا شۇنچە ئەركىن ۋە سەممىي نىيەتلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن يۈزدە-يۈز بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى؛ جۇڭگودا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىغا دائىر كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بۇنچىۋالا ئەركىن نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز، دېيىشتى. چەتئەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن خوشخەۋەرلىرىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئارقا-ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى.


ئىككى يىغىن ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، يىغىن تەشكىلاتچىلىرى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنى ئىسلامئاباددىكى كۆركەم فىسار مەسچىتى، ئەركىن كەشمىردىكى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش بېنگال سۇ توسمىسى ۋە تەكياتتىكى قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنىغا دائىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى نەپىس ۋە كۆركەم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.

(يى شىن)

# لى گۇاڭياۋ زۇڭلى شىئەندىكى خۇاجۇشياڭ مەسچىدىنى زىيارەت قىلدى

سىنگاپۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى لى گۇاڭياۋ رەپىقىسى ۋە قىزى بىلەن بىللە 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىئەن شەھىرىدىكى خۇاجۇشياڭ مەسچىدىنى زىيارەت قىلدى، ما لياڭجى ئاخۇن پۈتۈن ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوستانە كەيپىيات ئىچىدە، مېھمانلار بىلەن ساھىپخان سەمىمى سۆزلەشتى. لى گۇاڭياۋ زۇڭلى مۇسۇلمانلارنىڭ نىكا، نوپۇس، مىللەت، دىنىي ئېتىقات ۋە مەسچىتنىڭ تارىخى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سورىدى. مالياڭجى ئاخۇن بۇنىڭغا بىر - بىرلەپ تەپسىلى جاۋاپ بەردى. لى گۇاڭياۋ زۇڭلى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن بىر كىشىنى كۆرسىتىپ: "ئۇمۇ مۇسۇلمان" دىگەندە، ئۇنىڭ رەپىقىسى سۆز قىستۇرۇپ: "مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە، شۇنداقمۇ؟" دىدى. مالياڭجى ئاخۇن: "شۇنداق، قۇرئان كېرىمدە 'مۇسۇلمانلار بىر تۇغقان قېرىنداش' دىيىلگەن، شۇڭا بىز ھەممىمىز بىر تۇغقان قېرىنداش" دىدى. لى گۇاڭياۋ زۇڭلى: "ئۇ سىزنىڭ ئىنىڭىز، مەن بولسام سىزنىڭ ئاكىڭىز" دىدى. مالياڭجى ئاخۇن جاۋاپ بېرىپ: "ئالدىنقى كۈنى يەنى 16 - چىسلا سىز كۆكسىڭىزنىڭ يۇرتىدا 62 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزدىڭىز، مەن 54 ياشقا كىردىم، ئۇ 30 نەچچە ياشقا كىردى، مەن، سىز، ئۇ ۋە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلار ھەممىمىز بىر تۇغقان قېرىنداش" دىدى. كۆپچىلىك پاراققىدا كۈلۈشۈپ كەتتى، كەيپىيات ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. لى گۇاڭياۋ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مەسچىتنى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، ياخشى ئاسرىلىپتۇ، دەپ ماختىدى. مالياڭجى ئاخۇن ئەزىز مېھمانلارغا خاتىرە بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى، لى گۇاڭياۋ زۇڭلى خاتىرە سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىگە: "خەنزۇلار دۇنياسى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر پارچە بوستانلىق" دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. زۇڭلىنىڭ قىزى ئەرەپچە يېزىقتا ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قالدۇردى. مالياڭجى ئاخۇن زۇڭلىنىڭ شىئەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستلۇغىنى ۋە سالىمىنى سىنگاپۇر خەلقىغە يەتكۈزۈشنى ئۆتۈندى. زۇڭلى: "چوقۇم يەتكۈزىمەن، ئۆزەمنىڭ بۇ يەردە كۆرگەنلىرىمنى ۋە سىلەر بىلەن بىللە بولغانلىغىمنى ئۇلارغا ئېيتىمەن" دىدى.

(زىلىڭ جى)



دۇنياغا مەشھۇر بوكسىرچى مۇھەممەت ئەلى شىئەن شەھىرىدىكى خۇاجۇسى مەسچىدىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلماقتا.

(سۈرەتنى خۇاجۇسى مەسچىدى ئەۋەتكەن)

# كۇۋەيت دىنىي فوند مىنىستىرلىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى

چېن گۇاڭيۈەن


گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، ياردەمچى مۇئاۋىن مىنىستىر ئابدۇراخمان ئابدۇ ۋاھاپ فارس ئۆمەك باشلىغى بولغان كۇۋەيت دىنىي فوند مىنىستىرلىگىنىڭ 3 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىگى 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئېلىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىگى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، شىئەن ۋە گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان چاغدا، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بېيجىڭدا بولغان مەزگىلدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن ۋەكىللەر ئۆمىگىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى. ياڭ جىڭرېن ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىگىنى قارشى ئالىدىغانلىغىنى بىلدۈردى ۋە ھازىر جۇڭگو بىلەن كۇۋەيت ئوتتۇرىسىدا ئايرۇپىلان قاتناپ، بېرىش - كېلىش ئاسانلاشتى، سىزلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ كېلىشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز، دېدى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىغى رېن ۋۇجى ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن كۆرۈشكەندە ئېلىمىزنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك باشلىغى فارس جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىگى يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، نيۇجيې مەسچىدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، سەددىچىن سېپىلىنى سەيلە - ساياھەت قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىگى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى مۇھەممەت ئىسمايىل باشتىن - ئاخىر ئۇلارغا ھەمرا بولدى، داڭلىق ئۈزۈم شەھىرى — تۇرپاننى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. شىئەندە ئاتاقلىق قەدىمىي مەسچىت خۇاجۆخاڭ مەسچىدىنى ۋە چىن شىخۇاڭ قەۋرىسىدىكى ھەربىي قونچاقلار، خۇاچىڭچى ئارىشاڭىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. گۇاڭجۇدا بۇلتۇر سېلىنىپ پۈتكەن جاۋچىڭ ناھىيىسىدىكى مەسچىتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. رىشىڭخۇ كۆلىنى سەيلە - ساياھەت قىلدى، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە داڭلىق بولغان خۇەيشېڭسى مەسچىدى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەرقايسى جايلاردا بولغان ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتىن رازى بولدى، ئۆمەك باشلىقى فارس مۇنداق دېدى: بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز دىنىي پائالىيەت-لىرىنى ئەركىن ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن خوشاللىق بىلەن كۆردۇق؛ مەن نۇرغۇن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدىم، مېنىڭچە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ پاكىز دۆلەت جۇڭگو ئىكەن. فارس چىن شىخۇاڭ قەۋرىسىدىكى ھەربىي قونچاقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: "دۇنيا بويىچە 7 چوڭ مۆجىزە بار، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى بۇلارنىڭ بىرسىدۇر، ھازىر جۇڭگودا يەنە دۇنيا بويىچە 8 - مۆجىزە بارلىققا كەپتۇ، بۇ بولسىمۇ چىن شىخۇاڭ قەۋرىسىدىكى ھەربىي قونچاقلار. جۇڭگودا كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئاجايىپ كۆپ ئىكەن، ئەپسۇسكى بۇ قېتىم ۋاقتىمىز بەك قىسقا بولۇپ قالدى، كېيىن مەن چوقۇم پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ زىيارەت قىلغىلى كېلىمەن، بەلكى كۆپرەك تۇرىمەن. ئۇ يەنە، ھازىر كۆۋەيت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئايروپىلان قاتنىدى، ئارىلىقىمىز تېخىمۇ قىسقاردى، كۆۋەيتتىن بېيجىڭغا 11 سائەتتىلا كەلگىلى بولىدۇ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىشىمىز تېخىمۇ ئاسانلاشتى، دېدى.

بۇ قېتىم كۆۋەيت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى بىلەن، جۇڭگو بىلەن كۆۋەيتتىن ئىبارەت ئىككى مەملىكەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ھەم دوستلۇقى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تۇردە ئالغا قاراپ راۋاجلانغۇسى.




فرانسىيەدىكى پارىژ مەسچىدى (خۇجېنخوا فوتوسى)

# ئىسلام دىنى ياپونىيىدە

خۇ جىنخۇا

بۇ يىل مەن تەكلىپكە بىنائەن ياپونىيىگە ئىلمىي ئالماشتۇرۇشقا بېرىپ، توكيو، كيوتو، ئوساكا، كوبې ۋە سۇگجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى بەزى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مۇزېي قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدىم، مېنى كۈتۈۋالغۇچى ياپونلۇق دوستلار مېنىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، مېنى ياپونىيىدىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنى زىيارەت قىلىشقا ۋە مەسچىتلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقىمۇ ئورۇنلاشتۇردى.

ياپونىيە ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان دۆلەت بولغاچقا، بۇتخانا ۋە ئەرۋاھقا سىغىنىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ، بۇددا دىنىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى يەنىلا ياپونىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئاز سانلىق كىشىلەر خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ياپونىيىگە تارقىلىشى ۋە ياپونلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيدا بولۇشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولغان ئىش. مېيجىنىڭ 7-يىلى (1874-يىلى) ياپونىيە غەرپنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ياپونىيىگە تونۇشتۇرۇشقا باشلىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئەينى چاغلاردا ياپونىيىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئاز بولغان. مېيجىنىڭ 23-يىلى (1890-يىلى) تۈركىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە ئىسلام دىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن؛ مېيجىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياپونىيىدىنمۇ بەزىلەر مەككە مۇكەررەمىگە ھەج قىلىشقا بېرىشقا باشلىغان. لېكىن ياپونىيىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بىر



تۈركۈم مۇسۇلمانلار بولسا، ئاساسەن 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى قاتارلىق جايلاردىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىمال رايونى ئارقىلىق ياپونىيىگە كۆچۈپ بارغان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردىن بولغان بەزى كۆچمەنلەردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن يەنە ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ياپونىيە جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپون مىلىتارىستلىرى تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە "تەتقىقات ئورگىنى" ۋە "ئاممىۋى تەشكىلات" لارنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا دائىر ھەرقايسى جەھەتلەردە تەكشۈرۈش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ھەمدە بەزى كىتاب-ژۇرناللارنى چىقىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشتۇرغان. جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا ئېلىمىزنىڭ خۇيزۇلار رايونىغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ياپونلاردىن بەزىلىرى شۇ چاغدا ياكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا ياپونلار ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن بىرمۇنچە ئەرەب ئەللىرى، پاكىستان، ھىندونېزىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرى ياپونىيىدە سودا ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ياپونىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ھەركىتى راۋاجلىنىپ، بەزى ياپونلار، جۈملىدىن خېلى كۆپ ساندىكى ئاياللارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلاردىن بۈگۈنكى ياپون مۇسۇلمانلىرى شەكىللەنگەن. بۇلارنىڭ سانى 5 مىڭ (يەنە باشقا ماتېرىياللاردا 25 مىڭ دېيىلگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ سان توغرا ئەمەس) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەتئەللەر بىلەن قانداشلىقى بولغان مۇسۇلمانلار 2 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن.

ياپونىيىدە 3 مەشھۇر مەسچىت بار: بىرى، جاۋخېنىڭ 10 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) سېلىنغان كوبې مەسچىدى، يەنە بىرى، جاۋخېنىڭ 13 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) سېلىنغان توكيو مەسچىدى، ئۈچىنچىسى، كېيىنچە سېلىنغان ئوساكا مەسچىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ياپونچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشىمۇ ناھايىتى كېيىن بولغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ياپونچە تەرجىمە نۇسخىسىنى داچۇنجۇمىڭ تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 1950 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 1957 ـ يىلى يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ جىنجيەنجۇنيەن تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. 1972 ـ يىلى، سەنتيەنلياۋيى ئىزاھ بېرىپ تەرجىمە قىلغان ياپونچە ـ ئەرەپچە سېلىشتۇرما «شەرھىي قۇرئان» نەشر قىلىنغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ياپونىيىدە ئىسلام دىنىغا ئائىت تەشكىلاتلار بىرقەدەر كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى تەتقىقات ئاپاراتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

توكيودا ياپونىيە ئىسلام دىنى مەركىزى، ياپونىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى مەدەنىيەت جەمئىيىتى، ياپونىيە ئىسلام دىنى ئۆمىكى، ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق تۈركلەر جەمئىيىتى، ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ھىندونېزىيىلىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، پاكىستان جەمئىيىتى، ياپونىيە ئىسلام دىنى دوستلۇق ئىتتىپاقى، ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئورنى، ئەرەپ ـ ئىسلام ئىنستىتۇتى، ئىسلام دىنىدىكى ئاياللار كېڭىشى، ئىسلام تەشكىلاتلىرى كېڭەشمىسى قاتارلىقلار بار.

كوبېدا كوبې ئىسلام جەمئىيىتى بار.

يوكوھامادا ئىسلام دىنى مائارىپ ـ ئاخبارات مەركىزى بار.

ناگويادا ئەيچى مەدەنىيەت مەركىزى بار.

كيوتودا گۈەنشى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ياپونىيە ئىسلام دىنى دوستلۇق جەمئىيىتى بار.

ئوساكادا ئىسلام جەمئىيىتى بار.

نارا شەھرىدە نارا ئىسلام دىنى مەركىزى بار.

توكۇشىمادا توكۇشىما ئىسلام دىنى مائارىپى مەركىزى بار.

سېندەيدە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى مەركىزى بار.

كانازاۋادا ياپونىيە ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى بار.

نوككايدودا نوككايدو ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى مەركىزى بار.

ئۇراۋادا قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى جەمئىيىتى بار.

ئوتاخارادا ئەرەپ كۇلۇبى بار.

ياپونىيىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ياپونلۇق دوستلار مېنى كوبې مەسچىدى ۋە توكيو مەسچىدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، مەن يەنە كوبې ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە

توكيودىكى ياپونىيە ئىسلام دىنى مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن، كوبې شەھەرلىك چەتئەل تىلى داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن پىروفېسسورى شوكونا ماساخىرو مېنى ۋە ماڭا ھەمرا بولۇپ تۇرغان سىمانى داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن پىروفېسسورى نىسۋاكى تاكائونى باشلاپ كوبې شەھىرى ناكاياما تېمچى 2 - تومې 14 — 25 نومۇرلۇق ئورۇنغا جايلاشقان كوبې مەسچىدىگە (سۈرەتكە قاراڭ) ئېلىپ باردى. بۇ مەسچىت ئاچ سېرىق رەڭلىك، تېپىك ئەرەبچە شەكىلدە سېلىنغان مەسچىت ئىكەن. كوبې ئىسلام جەمىيىتىنىڭ باشلىقى فېرىد كىلىكى (تاتار) خانىقانىڭ ئالدىدا بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى خانىقانىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. خانىقانىڭ كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، يەرگە چىرايلىق گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، غەربىي شىمالىدىكى بۇلۇڭدا دىنىي كىتابلار تىزىلغان كىتاب جازىسى بار ئىكەن. فېرىدكىلىكى ئەپەندى تاتارچە مېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئارقىدىنلا مەسچىتنىڭ سېلىنىش جەريانىنى ۋە كوبې شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شۇنىڭدەك دادىسىنىڭ قازاندىن شىنجاڭ ئارقىلىق ياپونىيىگە ئۆزىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە سۆزلەشەلىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقى ھەم ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ئېتىۋار بېرىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردۇم. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا ئۇ ناھايىتى قىزىقتى ھەمدە جۇڭگوغا كېلىپ زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا مەن كوبې ئىسلام جەمىيىتىگە ئېلىمىز ئىسلام جەمىيىتى بېسىپ نەشر قىلغۇزغان قاتتىق مۇقاۋىلىق قۇرئان كەرىمنى سوغا قىلدىم. فېرىدكىلىكى ئەپەندى قولۇمنى قاتتىق قىسىپ تۇرۇپ، رەھمەت ئېيتتى. دەل شۇ چاغدا ئاق دوپپا كىيگەن 2 نەپەر پاكىستانلىق مۇسۇلمان خانىقاغا كىرىپ كەلدى. فېرىدكىلىكى ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن ئۇلارنىڭ رامىزان ئېيىدا ياپونىيىگە قىرائەت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇم. بۇ 2 نەپەر پاكىستانلىق مۇسۇلمان ماڭا ئىنگلىزچە، جۇڭگونىڭ ياش مۇسۇلمانلارنى پاكىستانغا ئوقۇشقا ئەۋەتىشىنى ئۈمەت قىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ پاكىستانغا بېرىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇشۇمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈشتىن كېيىن مېنىڭ باشقا زىيارەت پائالىيىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن فېرىدكىلىكى ئەپەندى ۋە 2 نەپەر پاكىستانلىق مۇسۇلمان بىلەن خوشلاشتىم.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇئاۋىن پىروفېسسور نىسۋاكى تاكائو مېنى يەنە توكيو سېتادانىكۇ رايونى ئوخارا 1 — 16 — 11 - نومۇرلۇق ئورۇنغا جايلاشقان ياپونىيە ئىسلام دىنى مەركىزىگە باشلاپ باردى. بۇ يەردە بۇلتۇرلا سېلىنغان 9 قەۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ،

ياپونيه ئىسلام دىنى مەركىزى مۇشۇ بىنادا ئىكەن. بۇنىڭ مەسئۇلى ئېلىمىزنىڭ تىيەنجىن شەھىرىدە تۇغۇلغان بىر خۇيزۇ كىشى بولۇپ، ئۇ ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئۇزاققىچە بېيجىڭدا ئىشلەپ، كېيىن شياڭگاڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ياپونىيىگە بارغان، ئۇ بىر تەرەپتىن، ياپونىيىدىكى بەزى ئالى مەكتەپلەردە دەرس ئۆتىدىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياپونىيە ئىسلام دىنى مەركىزىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا 30 نەچچە يىل بولغاچقا، ۋەتىنىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى قاتارلىقلاردىن ئانچە خەۋىرى يوق ئىكەن، مەن سۆھبەت جەريانىدا بۇلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردۇم. ئۇ ماڭا ياپونىيە ئىسلام دىنى مەركىزىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بۇ مەركەز ئاساسەن ياپون يېزىغىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە دائىر بەزى كىتابچىلارنى تۈزۈپ باسىدىكەن، «ئىسلام» ناملىق ژورنالنى (ياپونچە) تارقىتىدىكەن. يەنە ئەرەب-ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ياردەملىشىپ ئەرەبچە ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت بەزى ئىچكى-تاشقى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدىكەن. ئۇلار دىن تارقىتىش ئارقىلىق، ياپونىيىدە مۇسۇلمانلارنى كۆپەيتىۋېتىپتۇ. بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى مېنى باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى ھەمدە خاتىرە ئۈچۈن ماڭا بەزى كىتابچىلەرنى سوغا قىلدى. مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، يولدا بىز يەنە توكيو مەسچىتىنى ئالاھىدە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەسچىت كۆپ يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنماي، كونىراپ كېتىپتۇ، رېمونت قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

بۇ قېتىم ياپونىيىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ياپونىيىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى ئۇقتۇم. گەرچە ياپونىيىدە مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئىسلام دىنىغا دائىر تەشكىلاتلار كۆپ ئىكەن، پائالىيەتلىرىمۇ كۆپ ئىكەن، ئۇلار ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدىكەن. بىز ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇشىمىز، ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى چۈشىنىدىغان قىلىشىمىز، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ۋە جۇڭگو بىلەن ياپونىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

# تۇنىس ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى

ئەن باۋجى

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، تۇنىس جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇپتىسى مۇھەممەت مۇختار سالام ئۆمەك باشلىقى، تۇنىس زۇڭلى مەھكىمىسى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇستاپا، ئىسلام فىقھەسى ۋە ئاساس سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ۋە مۇپتىنىڭ خانىمى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ خانىمى ئەزا بولغان (5 كىشىدىن تەركىپ تاپقان) تۇنىس ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1985-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە دۆلىتىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىنىنىڭ ھەمرالىغىدا بېيجىڭ، لەنجۇ، لىنشيا، شىئەن، شاڭخەي ۋە گۇاڭجۇلارنى زىيارەت قىلدى.

تۇنىس جۇمھۇرىيىتى ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، 7 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى ھېساپلىنىدۇ. مېھمانلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، تۇنىس جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆز ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن، مەملىكەت بويىچە 30 نەچچە مەسچىت بار ئىكەن، ۋەز ئېيتىدىغان، خۇتبە ئوقۇيدىغان ۋە جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلىدىغان 2 مىڭدىن ئارتۇق ئىمام بار ئىكەن. ئىماملارغا ھۆكۈمەت مائاش بېرىدىكەن، ئۇلار بىرقەدەر مول بىلىمگە ئىگە بولۇشى، كۆپچىلىكى ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئىگە بولۇشى، تۆۋەن بولغاندىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىغا ئىگە بولۇشى لازىم ئىكەن، بولمىسا ئىمام بولالمايدىكەن.

تۇنىس ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكىتىمىزگە تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بارغانلا يېرىدە شۇ يەردىكى دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. زىيارەت مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.


مېھمانلار ئاتاقلىق بېيجىڭ نيۇجېي مەسچىتىنى، شىئەن خۇاجۆشياڭ مەسچىتىنى، شاڭخەي شياۋتاۋيۈەن مەسچىتىنى ۋە گۇاڭجو خۇەيشېڭ (گۇاڭتا) مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە نيۇجېي مەسچىتىدە ۋە خۇاجۆشياڭ مەسچىتىدە شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جۈمە نامىزى ئوقۇدى؛ دۇنياغا مەشھۇر بېيجىڭ سەددىچىن سېپىلىنى، شىئەندىكى چىن شىخۇاڭ قەۋرىسىدىكى ھەربى قونچاقلارنى سەيلە-ساياھەت قىلدى؛ شىئەندە يەنە "تاڭ سۇلالىسى ئۇسۇلىغا تەقلىت قىلىنغان ئۇسۇل-مۇزىكا"نى كۆردى، شاڭخەيدە نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، گۇاڭجۇدا سەئدئىبنى ۋەققاسنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتى جۇڭگو تۇنىس خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى؛ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى مېھمانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۆمەك باشلىقى مۇختار سالام مۇنداق دېدى: جۇڭگودا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بىزنىڭ سىلەرنىڭ سىياسىتىڭلارنى چۈشىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈردى؛ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ناھايىتى ئەركىن-ئازادە ئىكەن، ئۇلار دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋېتىپتۇ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ھېچقانداق بېسىمسىز ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزىدا توختاپ قالماي، ھەقىقى ئىجرا قىلىنىۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئىسلام دىنى تىرىشچانلىقنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ۋە مېھرىۋانلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تارىختا زۇلمەتكە قارشى كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن بىز ئىنتايىن خوشال بولدۇق. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى گەرچە جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئۇلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك ۋە تۆھپە قوشالايدۇ.


مېھمانلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى سەممىي كۈتۈۋالغانلىقىدىن ۋە قىزغىن، قېرىنداشلارچە مېھماندوستلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىش ئالدىدا، ئۆمەك باشلىقى مۇختار سالام چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى تۇنىس مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىپ كېتىمىز، جۇڭگودا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى چوقۇم تۇنىس خەلقىگە يەتكۈزىمىز، ئەرەب خەلقىگە ۋە ئىسلام دۇنياسىغا يەتكۈزىمىز. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بىز جۇڭگودىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىز يەنىلا جۇڭگودا قالىدۇ، جۇڭگومۇ مەڭگۈ بىزنىڭ قەلبىمىزدە قالىدۇ؛ بىزنىڭ زىيارىتىمىز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، جۇڭگو بىلەن تۇنىس خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مەڭگۈ ياشايدۇ.



شەنخەيگۇەن مەسچىدىنىڭ ھويلىسى
(يۇكەيفېڭ فوتوسى)



شەنخەيگۇەن مەسچىدىدىكى
خانىقانىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى
(يۇكەيفېڭ فوتوسى)



تۇرپان قازىخانا مەسچىدى
(جاڭ پىياۋن فوتوسى)



لەنجۇ شەھىرىدىكى خىپىڭتەي مەسچىدى
(يۇكەيفېڭ فوتوسى)

بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىگىنى ئوسمان موللەك، ماشىگرىن، نۇربىيە ئەزىز، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى

中国穆斯林 （维吾尔文版）1986年 第1期（总22期） جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1986 ـ يىل 1 ـ سان

| | |
|---|---|
| 出版：中国穆斯林编辑部<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا) |
| 印刷：民族印刷厂 | باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى |
| 制版：北京市制版厂 | |
| 订购发行：北京伊斯兰教经书流通处<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا) |

北京市期刊登记证第837号 · 公开发行 · 每册定价：0.30元